

2022 ئۆكتەبىر

ئومۇمىي 38-سان

# ئۇيغۇرلار

# *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



**شى جىنپىڭنىڭ ئاجىزلىقى**

**33**



**تەيۋەن ئۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلار**

**75**



**قائىدىسىز ئۇرۇش**

**1**

2022 ئۆكتەبىر
ئومۇمىي 38-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >




ئۈرۈمچى 2022-10

# مۇندەرىجە

## مۇسلىمسىز ئۇيغۇنىش


شى جىنپىڭنىڭ ۋاقىتلىق دەبدەبىسى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ياپالمايدۇ

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىشتىن قاچانغىچە قاچالايدۇ؟ 95

ئوكسفورد تارىخچىسىدىن يېڭى يىپەك يولىغا نەزەر 111


## خىتاي تەتقىقاتى


قائىدىسىز ئۇرۇش


## خەلقئارا ۋەزىيەت


تەيۋەن ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يېپىش ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 101


## گۈلىستان


كىتاب ئوقۇش بالىلار ئۈچۈن نېمىشقا شۇنچە مۇھىم؟

ئۆزى كىچىك، غايىسى چوڭ دۆلەت — قاتار 87














## تارىخ ۋە بىز


يېقىنقى ئاتمىش يىل مابەينىدە مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر 48

شېرىپ داموللام 82


## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام


خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ، كىبىرلەنمەڭ 77


## ساغلاملىق


ئىممۇنىتېت سىستېمىمىز بىزنى راكتىن قانداق قوغدايدۇ؟ 74


## ئۇيغۇر تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دۆلەتلىرى 28

قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە دۆلەتنىڭ ئاقىۋىتى 60

خىتاي تەتقىقاتى

# WAR WITHOUT RULES



# قائىدىسىز ئۇرۇش

## روبېرت سپالدىڭ



BRIGADIER GENERAL

ROBERT SPALDING

(US AIR FORCE, RETIRED)

# 5 ـ باب: جەڭ ئىلاھىنىڭ سىيماسى

(داۋامى)

مەزكۇر ئىككى خىتاي پولكوۋنىك ئەنئەنىۋى جەڭچىلەردىن ئارمىيە تەرىپىدىن ياللانغان «رەقەملىك جەڭچىلەر»گىچە، ئاندىن ئارمىيە بىلەن رەسمىي باغلىنىشى بولمىغان، لېكىن غايەت زور بۇزغۇنچىلىق تۇغدۇرالايدىغان «پۇقرا جەڭچىلەر»گىچە بولغان تەرەققىيات لىنىيەسىنى بايان قىلغان. ئۇلار 1994 ـ يىلىلا كىرىزىسنىڭ شەپىسىنى سەزگەن بولۇپ، ھېلىقى ئەنگلىيەلىك بالا خاككېرنىڭ قىلمىشىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئېغىر ۋەيران قىلغۇچ تور ھۇجۇملىرىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئاپتورلارنىڭ «توغرا تېخنىكىلىق ماھارەتكە ئىگە مۇستەقىل شەخسلەر ھىندېنوزىيەدىكى سۇخارتوغا ئوخشاش مۇستەبىتكە زەربە بېرىشتە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالايدۇ» دېگەن ھۆكمى خاتا ئەمەس.

مېنى تولىمۇ قىزىقتۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇسامە بىن لادېن 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى (11 ـ سېنتەبىر) دۇنيا سودا مەركىزىگە ۋە بەشبۇرجەكلىك بىناغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىككى يىل بۇرۇنلا، پولكوۋنىكلار ئۇنى غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇرۇشنىڭ ئەمەلىيەتچىسى سۈپىتىدە كۆزىتىشكە باشلىغانىدى. بۇ ئۇلارنى ئامېرىكانىڭ ئىستىخبارات ۋە ھەربىي تارماقلىرىدىن بەكرەك ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ئىستىخبارات ۋە ھەربىي تارماقلىرى «دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلار»نىڭ، جۈملىدىن يەشلىك پىچىقى ئارقىلىقلا يولۇچىلار ئايروپىلانىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان 19 جىھادچىنىڭ  يوشۇرۇن ۋەيران قىلىش كۈچىنى ئاساسەن نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى.

گەرچە بىز ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا تېرورلۇق تەھدىتىگە بولغان ھوشيارلىقىمىزنى خېلى بەك ئۆستۈرگەن بولساقمۇ، ئەمما ھەربىي تارماقلىرىمىز يەنىلا ئەنئەنىۋى جەڭ مەيدانلىرىدا ئەنئەنىۋى جەڭ قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشنى ۋە شۇنىڭغا كۆرە مەشىقلىنىشنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدۇ. بىز ھېلىھەم 2020 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلىگەن ئورگان ۋە تارماقلىرىغا قىلىنغانغا ـــ بۇنى رۇسىيە خاككېرلىرىنىڭ قىلغانلىقى مۆلچەرلەندى ـــ ئوخشاش تور ئۇرۇشى ھۇجۇملىرىغا تەييارلىنىپ بولالمىدۇق. بەشبۇرجەكلىك بىنا يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشقا كۈچەۋاتقان بولسا،

**رەقىبلىرىمىز «11 ـ سېنتەبىر»دىكىدىن تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن غەيرىي ئەنئەنىۋى ھۇجۇم قىلىش ئۇقتىدارىنى توختىماي كۈچەيتىۋاتىدۇ.**

**شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، پۇلكۇۋنىكلار نوقۇل ھالدا تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى توغرىسىدىلا توختىلىۋاتقىنى يوق. ئۇلار يەنە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن زور مىقداردىكى يەرشارىلاشقان كاپىتالنى مەلۇم بىر دۆلەتكە ئەكىرەلەيدىغان ۋە ئەچىقالايدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئىقتىسادنى ۋەيران قىلىدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولغان شەخسلەرنىڭ ۋە شىركەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى تەسىر كۈچىگىمۇ دىققىتىنى ئاغدۇرغان. ئۇلار 1997 ـ يىلى خۇسۇسىي ئىگىلىك ساھەسىدە ئۆز ئالدىغا قىلغان ئىشلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئېغىر مالىيە كرىزىسلىرىغا سەۋەب بولغان جورج سوروسنى نۆۋەتتىكى ئاشقۇن سۈيىقەستچىلىك نەزەرىيەسىدىكى ھالقىلىق شەخس ئەمەس، بەلكى پۇلنى سۈيىئىستېمال قىلغۇچى (currency manipulator) دەپ ئاتىغان. شۇ قېتىملىق پۇل مۇئامىلە كرىزىسلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىگە قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى غەربنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىۋەتكەن. ئاپتورلار قەستەن قوزغالغان پۇل كرىزىسىنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىدەك قانلىق بولمىسىمۇ، ئەمما زىيىنىنىڭ شۇنىڭدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى، بۈگۈنكى پۇل مۇئامىلە ماگناتلىرى جورج سوروس چارەك ئەسىرنىڭ ئالدىدا قىلغاندىنمۇ بەكرەك قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بەكمۇ كۆپ كاپىتالغا ئىگە.**

## «قانداق ۋاستە قوللىنىپ، قايسى ئۇسۇلدا ئۇرۇش قىلىش كېرەك؟»

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:**

كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، ئامېرىكالىقلارنىڭ كۆز قارىشى توغرىسىدا توختالماي بولمايدۇ. بۇ نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئاخىرقى ئاتامان ئىكەنلىكىدىن بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەربىيلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قاراشلىرى دەرۋەقە ئىلغاردۇر. باشقىنى دېمىگەندىمۇ، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنى «ئۈچۈر ئۇرۇشى»، «دەل جايىغا زەربە بېرىش ئۇرۇشى»، «بىرلەشمە ئۇرۇش» ۋە «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەتلەر» قاتارلىق تۆت ئاساسىي ئۇرۇش ئەندىزىسىگە ئايرىغانلىقىدىنلا، ھەم تەسەۋۋۇرغا باي، ھەم پراگماتىك ئامېرىكالىقلارنىڭ ئۆز نەزىرىدىكى كەلگۈسى ئۇرۇش توغرىسىدا چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ...

ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ (1991~1995 ـ يىللىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن) سابىق شتاب باشلىقى، گېنېرال گوردون سالىۋېن (Gordon R. Sullivan) ئۈچۈر ئۇرۇشىنى كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق

ئۇرۇش شەكلى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا- ئارمىيەسىنىڭ ــ شۇنداقلا دۇنيادىكى تۇنجى ــ رەقەملەشكەن قىسمىنى قۇرۇپ چىققان. شۇنداقلا «كەلگۈسى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك هالدا ئۈچۈر بىر تەرەپ قىلىش ۋە يوشۇرۇن هالدا يىراقتىن زەربە بېرىشنى مۇهىم ئاساس قىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ» دېگەن تونۇش ئاساسىدا، «دەل جايىغا زەربە بېرىش ئۇرۇشى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ...

ئامېرىكالىقلار تەرىپىدىن «ئۇچراشماستىن زەربە بېرىش»، رۇسلار تەرىپىدىن «يىراقتىن ئۇرۇش» دەپ ئاتالغان «دەل جايىغا زەربە بېرىش ئۇرۇشى» خۇپىيانە، چاققان، توغرا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، كەلتۈرىدىغان تالاپىتى ئاز بولۇشتەك ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگىدۇر. تۇنجى ئۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە ئاخىرقى ئۇرۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان كەلگۈسى ئۇرۇشلاردا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بۇ خىل ئۇرۇش تاكتىكىسى ئامېرىكا گېنېراللىرى قوبۇل قىلىشنى ئەڭ خالايدىغان تاكتىكا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھەقىقىي ئىجادىيلىققا ئىگە بولغىنى ئۈچۈر ئۇرۇشىمۇ، دەل جايىغا زەربە بېرىش ئۇرۇشىمۇ ئەمەس، بەلكى «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت»تۇر. روشەنكى، بۇ ئۇقۇم ئامېرىكالىقلار ئىزچىل دەۋا قىلىپ كەلگەن «يەرشارىۋى مەنپەئەت» ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، «جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چات كەرمىسەم بولمايدۇ» دەيدىغان تىپىك ئامېرىكاچە مۇتتەھەملىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن، ئۇشبۇ باھا بىزنىڭ مەزكۇر ئۇقۇمنى ئالقىشلىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇنجى قېتىم تىنچلىق قوغداش، زەھەر چەكلەش، ئىسيانىنى تىنجىتىش، ھەربىي ياردەم، ھەربىي ھازىرلىقلارغا چەك قويۇش، (ئۇرۇش، توپىلاڭ قاتارلىقلار يۈز بەرگەن دۆلەتلەردىن) گراژدانلارنى قايتۇرۇپ كېلىش، تېرورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش قاتارلىق 20~21- ئەسىردە ئىنسانىيەت ئومۇمىيۈزلۈك تاقابىل تۇرۇشقا موھتاج بولغان مەسىلىلەرنى «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت»تىن ئىبارەت بىرلا سېۋەتكە سېلىپ، ھەربىيلەرنى جەڭگاھنىڭ سىرتىدا نېمە قىلارنى بىلمەي قايمۇقۇپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى-دە، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر سەزگۈچلىرى كەڭ مەنىدىكى ئۇرۇشنىڭ چۆرىلىرىگە تېگىشكە (يەنى مەزكۇر پولكوۋنىكلار ئىزچىل گېپىنى قىلىپ كەلگەن، جەڭگاھتىن ھالقىغان، چەكلىمىسىز ئۇرۇش ئۇقۇمىنى ئاڭقىرىشقا، ت) ئازلا قالدى. ئەپسۇسكى، سېۋەت بىرئاز كىچىك بولغانلىقتىن، «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكىتى» (بۇ ھەربىي ساھەدىن ھالقىغان، ئىقتىسادىي ئۇرۇش، تور ئۇرۇشى قاتارلىق غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ، ت)دىن ئىبارەت يېپيېڭى ئۇقۇمنى سىغدۇرالمىدى. ۋەھالەنكى، ئەنە شۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇشقا بولغان تونۇشى جەھەتتىكى ھەقىقىي ئىنقىلاب خاراكتېرلىك چۈشەنچە ئىدى.

«غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكىتى» بىلەن «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت»تىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقى يېزىلىشىدىكى پەرقتىن خېلى بەكلا چوڭ بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ بىر-ئىككى سۆزنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان سۆز ئويۇنى ئەمەس. شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت» قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلمىغان

چاغدىكى ۋەزىپە ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئېنىق تەبىرلىگەن. «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكىتى» بولسا ئۇرۇش ھالىتىگە بولغان تونۇشنى ھەربىي ھەرىكەتلەر ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان دائىرىدىن پەۋقۇلئاددە زور دەرىجىدە ھالقىغان ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق پائالىيەت ساھەلىرىگىچە كېڭەيتكەن. بۇ خىل كېڭەيتىش ئىنسانىيەتنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن يانماسلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. گەرچە ھەربىي نەزەرىيە ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك باشلامچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامېرىكالىقلار بۇ يېڭىچە ئۇرۇش ئۇقۇمىنى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئامېرىكاچە پراگماتىزمچىلىقنىڭ دۇنيا مىقياسىدا يامرىشى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلار تەمىنلىگەن چەكسىز مۇمكىنچىلىك يەنىلا بۇ ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان چوڭقۇر قاتلاملىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**گەرچە نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ دەل جايىغا زەربە بېرىش ئىقتىدارى نۇرغۇن ئالقىشلارغا نائىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆزلىرىنىڭ تامامەن پەرقلىق شەيئى توغرىسىدا توختىلىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار بۇ خىل ئانچە ئەجەللىك بولمىغان ئۇرۇش شەكلىگە قاتتىق قايىل بولۇپ، كەم ئۇچرايدىغان تەرزدە ئامېرىكانى ماختىغان. لېكىن، ئۇلار ئۇنى (يەنى ئامېرىكا ئارمىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت» ئۇقۇمىنى، ت) ئەنئەنىۋى ھەربىي كونترول ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن، دەپ قارىغان. يەنى بىز تاش سانىساق، ئۇلار قۇم سانىغان.**

**كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ بۇ پاراگرافتا مۇھاكىمە قىلىنىغان تۆت تۈرىنىڭ ئۈچى مەۋجۇت ھەربىي ئەنئەنىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بىز ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئالغان، بويد ۋە ۋوردېنغا ئوخشاش غەربنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى دەل جايىغا زەربە بېرىش ئۇرۇشنىڭ بۈگۈنكى سەۋىيەسىدىن ۋە بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى سۈرئەتكە ۋە قىرغىن قىلىش كۈچىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن زوقلىنىدۇ. ئۇلار بىرلەشمە ھەرىكەتكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىشنىڭ، يەنى ئوخشىمىغان تارماقلارنى تېخىمۇ زىچ ھەمكارلاشتۇرۇشقا تىرىشىشنىڭ ئامېرىكانىڭ «11 ـ سېنتەبىر»دىن كېيىن ئافغانىستان ۋە ئىراقتا قىلغان تاجاۋۇز ۋە بېسىۋېلىش قىلمىشلىرى داۋامىدا غايەت زور رول ئوينىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار يەنە بۈگۈنكى ئۈچۈر ئۇرۇشىنى ئەنئەنىۋى تەشۋىقاتچىلىقنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دەپلا چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرى ۋە تۈركۈملەپ يوللىنىدىغان ئېلخەت پاراكەندىچىلىكى ئۆتمۈشتىكى ھاۋادىن تەشۋىقات ۋاراقچىسى تاشلاش ياكى دۈشمەننىڭ چاستوتىسىدا رۇخسەتسىز رادىيو ئاڭلىتىشنىڭ ئورنىنى ئالغان.**

**ئەمما ئۇلار ئۇرۇشنىڭ سىرتىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئاڭقىرىشتا قىينالغان بولۇشى مۇمكىن. «ئۇرۇشنىڭ سىرتىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەر»نى ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇرۇشنى توختىتىش،**

تـوقۇنۇشلارنـى ھەل قـلـش، تـىنچلىقنى ئـىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلـق ئـورگـانـلىرىنـىڭ دۆلەت ئـىچـىدىكـى كـرىزىسلارغا تـاقـابـىل تۇرۇشـنـى قـولـلاش دەپ تەبـىرلەشكە بـولـىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئەنئەنـۋى ھەربـىي كۈچ ئىشلىتىلـمـىسـىگـە قاراتـىلـغان بولـسىمۇ، ئەمـما ئۇ يېقىنقى يىگـىرمە يـىلـدا بەشبۇرجەكـلىك بىنانـىڭ تەپەككۇرىدا بـارغـانسېرى زور رول ئـويـنـاپ كەلـدى. ئىراق ۋە ئافغانـىسـتـانـدىكـى غەيـرىي ھەربـىي خـاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى، ئىشغالچى قوشۇننىڭ جىھادىي تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان پۇقرالارنى ئۆزگە تـارتـىش مەقسـىتـىدە «ئـىسيان تـىنـجـىتـىش»نـى بـىرىنـچى مۇھىم ۋەزىپە قـىلـىۋېلىشى (بۇ كۈچلۈك تـالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر ئىشغالىيەتلەر جەريانىدىكى «ئىسيان تىنجىتىش» ۋە «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى»نىڭ ئۈنۈمى يەنىلا بەس-مۇنازىرە قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مۇلاھىزىمىز ئۈچۈن مۇھىم بـولـغـىنـى يۇقـىرى دەرىجـىلـىك ھەربـىي رەھبەرلـىرىـمـىزنـىڭ كۆپـىـنـچـىسـىـنـىڭ بۇ يېڭى ئەنـدىزىگە مـاسلىشىشـنـىڭ قانچىلىك مۈشكۈل بولىۋاتقانلىقىدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر «ياخشى مەشقلەندۈرۈلگەن جەڭچىلەر ھەربـىي نـىشانـنى پارتلىتىشقا ۋە دۈشمەن بىزنـى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنـدىن بەكـرەك، پۇقـرالارنـىڭ قەلـبىنى ئۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك» دېگەن قاراشقا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا، مەزكۇر «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى» ئۇقۇمى خىتاي كومپارتىيەسى 2000-يىللارنىڭ بېشىدا ئىلگىرى سۈرگەن «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئۇقۇمىدەك ئۆزۈل-كېسىل ئەمەس. خـىتـاي «چەكـلـىـمـىـسىز ئۇرۇش» سەۋەبـلىك، ئۇچۇر ئۇرۇشـىدا ۋە بۇ بـابـىنىڭ كېيىنكى قـىسـمـىدا تـونۇشتۇرۇلـىدىغـان بـاشقا شەكـىللەردىكى غەيـرىي ھەربـىي ھەرىكەتـلەر جەھەتـتە غـايەت زور ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. شۇنداقلا، خىتاي كومپارتىيەسى يەنە ئامېرىكانىڭ ھاكاۋۇرلۇق تۈپەيلى خىتاينىڭ زادى نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىيالمايۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپ يەتكەندى. بىز بولساق ئوتتۇرا شەرقتە ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدۇق.

## غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى: سودا ئۇرۇشى ۋە پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى

ئۇنـداقـتا، ئۇرۇش بـىلەن زەررىچە ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنـىدىغان ۋاستىلەرنىڭ قايسىلىرى «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت يەرشارى مىقياسىدا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان يەنە بىر خىل ئۇرۇشنىڭ «ئەركە»سىگە ئايلاندى؟

## سودا ئۇرۇشى

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:**

ئەگەر «سودا ئۇرۇشى» ئون نەچچە يىل ئىلگىرى نوقۇل ھالدىكى سۆپەتتىنلا ئىبارەت بولغان بولسا، نۆۋەتتە ئۇ ھەقىقىي رەۋىشتە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قولىدىكى غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش قورالىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ ئامېرىكىلىقلار بۇ قورالدىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ پايدىلاندى: ئۇلار دۆلەت ئىچىدىكى سودا قانۇنلىرىنى خەلقئارالاشتۇرۇپ قوللاندى؛ تاموژنا بېجى قورغىنىنى خالىغاندا قۇرۇپ، خالىغاندا چاقتى؛ ھە دېگەندە سودا ئېمبارگوسى يۈرگۈزدى؛ ھالقىلىق تېخنىكىلارنى قامال قىلدى؛ بولۇپمۇ 301-ماددا ۋە «ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت مۇئامىلىسى» ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىر ۋاستىنىڭ ۋەيران قىلغۇچ ئۈنۈمى بىرەر قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئامېرىكا ئىراققا يۈرگۈزگەن سەككىز يىللىق ئېمبارگو بۇ جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك «ئۇرۇش مىساللىرى»دىن بىرىدۇر. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

## پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:**

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ «پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى» توغرىسىدىكى تەسراتى ئاسىيالىقلارنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس. ياق، ئۇلارنىڭ باشتىن كەچۈرگىنى «تەسرات»لا ئەمەس، بەلكى يۈرەكنى تىلغايدىغان ئەلەمدۇر. خەلقئارالىق كۆچمە كاپىتال ساھىبلىرى تەرىپىدىن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان بىر مەيدان پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى تېخى يېقىندىلا جاھان ئەھلى تەرىپىدىن «كىچىك ئەجدەرھا»، «كىچىك يولۋاس» دەپ تەرىپلەنگەن دۆلەتلەرنى [ئاپتورلار بۇ يەردە كورېيە، تەيۋەن، خوڭكوڭ ۋە سىنگاپورنى دېمەكچى] ئارقا-ئارقىدىن يەر چىشلەتتى. ئىلگىرى غەربلىكلەرنىڭ مەستلىكىنى قوزغىغان ئىقتىسادىي گۈللىنىش بىر كېچىدىلا خانىۋەيران بولدى. بىر قېتىملىق تۇتۇشۇشتىن كېيىنلا، بىر قانچىلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئارقىسىغا ئون يىل چېكىنىپ كەتتى. ئىقتىسادىي ئۇرۇش سېپى قولدىن كەتكەچكە، ئىجتىمائىي تەرتىپمۇ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. «ئېزىنى باسسا مېزى» چىقىپ تۇرغان قالايمىقانچىلىقلاردا ئۆلگەن-يارىلانغانلارنىڭ سانى بىرەر قېتىملىق دائىرىلىك ئۇرۇشتىكىگە يېقىنلاشتى، جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەتتا دائىرىلىك ئۇرۇشنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولدى ... شۇ ۋەجىدىن، پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى قان تۆكمىسىمۇ ئوخشاشلا غايەت زور ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھالىتى سۈپىتىدە، ئۆتمۈشتە ھەربىيلەر ۋە قورال-ياراغلار ھەمدە قان تۆكۈش ۋە ئۆلۈم-يېتىم مىڭ يىللارچە دەۋر سۈرگەن ئۇرۇش

سەھنىسىگە رەسمىي قەدەم قويدى. ئىشىنىمىزكى، ئۇ ئۇزۇنغا قالمايلا رەسمىي ھەربىي ئاتالغۇ سۆپىتىدە تۆرلۈك ھەربىي لۇغەتلەردىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇنداقلا، كېلەركى ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگۈسى «20-ئەسىر ئۇرۇش تارىخى»دىكى تولىمۇ يارقىن بىر پاراگراف بولۇپ قالىدۇ. بۇ پاراگرافتىكى باش پېرسوناژ سىياسىيونلار ياكى ھەربىيشۇناسلار بولماستىن، جورج سوروستۇر ... سوروستىن كېيىن، [1988-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە تەيۋەنگە پرېزدېنت بولغان] لى دېڭخۇي شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىقتىسادىي كرىزىسىدىن پايدىلىنىپ، تەيۋەن پۇلىنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق خوڭكوڭ دوللىرىغا، خوڭكوڭ پاي چەكلىرىگە، بولۇپمۇ قىزىل پاي چەكلەرگە (خوڭكوڭدا ياكى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سىرتىدىكى باشقا رايونلاردا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان، ئەمما خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئىش باشلىغان ۋە ئاساسلىقى خىتاي ئۆلكىلىرىدە سودا قىلىدىغان، بولۇپمۇ رەسمىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار شىركەتلەرنىڭ پاي چەكلىرىنىڭ ئورتاق ئىسمى، ت) زەربە بەردى. ئۇشبۇ «پۇل مۇئامىلە زىياپىتى»گە بەس-بەستە داخىل بولۇشقان، «ئىشەنچ باھالاش دوكلاتى» ئېلان قىلىش نامىدا پۇل مۇئامىلە كاتتىباشلىرىغا ھۇجۇم نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مورگان ستەنلېي (Morgan Stanley) ۋە مۇدىي (Moody) شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ-كىچىك ھايانكەشلەر تېخى بۇنىڭ سىرتىدا.

ساق بىر يىل ئىلگىرى قوزغالغان پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1998-يىلى ياز پەسلىدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ كەڭ جەڭگاھتا ئارقا-ئارقىدىن باشلاندى. بۇ قېتىم ئۇرۇشقا ئالدىنقى يىلى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىلا ئەمەس، بەلكى ياپونىيە بىلەن رۇسىيەدىن ئىبارەت ئىككى گىگانت دۆلەتمۇ سۆرەپ كىرىلدى-دە، نەتىجىدە پۈتكۈل يەرشارىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بارغانسېرى ناچارلىشىپ، تىزگىنلەش تولىمۇ قىيىنلاشتى ... يادرو قوراللار كىشىنى چۆچۈتىدىغان سەرەمجانغا ئايلىنىپ، ئەمەلىي ئۇرۇش قىممىتىنى يوقاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى ئۆزىنىڭ خۇپىيانىلىكى، مەشغۇلات قىلىشقا ئەپچىللىكى، ۋەيران قىلىش كۈچىنىڭ زور بولۇشى قاتارلىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىستراتېگىيەلىك قورالغا ئايلاندى ... ئۇنى فوند جەمئىيىتى شەكلىدىكى پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى دەپ ئاتاشقا بولۇشى مۇمكىن. كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغىنى ھەم چوقۇم يۈزلىنىشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ تۈردىكى ئۇرۇش جەھەتتە، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بارغانسېرى يۇقىرى بولۇش، شىددىتى بارغانسېرى كۈچلۈك بولۇش ھەمدە بارغانسېرى كۆپىلگەن دۆلەت ۋە دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن قوللىنىلىش يۈزلىنىشى كۆرۈلمەكتە. (نەقىل تۈگىدى)

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئاپتورلىرىنىڭ نەزىرىدە، «سودا ئۇرۇشى» ۋە «پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى» ھەرگىزمۇ كىنايە بولماستىن، ئۇرۇشنىڭ تولىمۇ رېئال شەكىللىرىدۇر. پولكوۋنىكلار ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ھەر يىلى خىتاينىڭ تىجارەتتىكى «ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت»لىك ئورنىغا قارشى بېلەت تاشلىشىنى، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ (خىتايغا قاراتقان) چىك پۇل سىياستىنى ۋە خىتاينىڭ (تاكى 2001-يىلى 12-**

ئايغىچە) دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈلمەسلىكىنى خىتايغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكىتى دەپ قارىغان. بۇ خىل نارازىلىق كەيپىياتى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ غەربكە بولغان نەپرىتىنى ۋە ئۇرۇشخۇمارلىقىنى كۈرۈكلىگەن. بولۇپمۇ 1997 ـ يىلىدىكى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلغان. كاپىتالىزىملارنىڭ ئاسىيادىن چېقىپ كېتىشى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ يېڭى تەلەپلىرى خىتايغا ئامېرىكانىڭ يەر شارى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا ئۆز ئالدىغا قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويغان بولۇپ، بىخەتەر ھالدا مەبلەغكە ئېرىشىش (خىتاينىڭ نەزىرىدە) ئىنتايىن ھالقىلىق مەسىلىگە ئايلانغان.

301 ـ ماددا 1974 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا سودا قانۇنىنىڭ بىر ماددىسى بولۇپ، ئۇ پرېزىدېنتنىڭ خەلقئارا سودا كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان ياكى سودىدا ناھەق ياكى ناباب قىلمىشلارنى سادىر قىلغان، بولۇپمۇ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان ھەر قانداق چەتئەل ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، تاموژنا بېجىنى ئاساس قىلغان ئۆچ ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشغا ھوقۇق بەرگەن. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىگە ئامېرىكانى خىتايغا قارشى تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن.

ھالبۇكى، ئامېرىكانىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئاپپاراتلىرىنىڭ نەزىرىدە، پۇل مۇئامىلە ۋە سودا سىياسەتلىرىنىڭ ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مەن بەشبۇرجەكلىك بىنادىكىلەرنىڭ («چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان) 1997 ـ يىلىدىكى كاپىتالىزىملارنىڭ (ئاسىيادىن) چېكىنىشى ۋە چەك پۇل سىياستى تېمىسىغا دىققەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن. كىلىنتون ھۆكۈمىتى «ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى چوقۇم ئاساسلىقى خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى قاتارلىق دۇنياۋى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك بولغان كۆپ تەرەپلىك مەسىلە؛ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جورج سوروس ياكى مورگان ستەنلېي قاتارلىق خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى پۇل مۇئامىلە ئىشتىراكچىلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئەمەس؛ پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئامېرىكانىڭ ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى يەر شارىلاشقان پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ بىتەلەيلىكى» دەپ قارىدى. ئەنە شۇنىڭدەك، كەمىنە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى بولغان كەسپىي ھاياتىمدا — تاكى 2017 ـ يىلى ئاقسارايغا كىرگەنگە قەدەر — 301 ـ ماددىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم.

خىتاي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، ئىقتىسادنى چەتئەلنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداشنى مەقسەت قىلغان تېخىمۇ كۆپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلاردا ئەركىن ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغان پۇل ۋە قاتتىق كاپىتال كونتروللۇقى بار. ئۇلار ھەتتا يەرشارى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان رەقەملىك پۇلنى — بىت تەڭگىسىنىڭ (bitcoin) خىتايچە نۇسخىسىنى — تەرەققىي قىلدۇرماقتا.

ئاپتورلارنىڭ «پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشنى مەخپىي پىلانلاشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا ۋە كۆپىنچە ھاللاردا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋاكالەتچىلەر ئارقىلىق يوشۇرغىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچى

**پەۋقۇلئاددە زور بولىدۇ» دېگەن ھۆكمى توغرا. خىتاي كومپارتىيەسى داۋاملىشۋاتقان پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ بېكىنمە بانكا سىستېمىسىنى، خىتاي شىركەتلىرىنى ۋە باشقا ئاممۋى تەشكىلاتلارنى ۋاكالەتچى سۈپىتىدە ئىشلەتمەكتە. ئۇلار بۇ تاكتىكىلارنى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بولماستىن ـــ كېيىنكى بابلاردا كۆرىدىغىنىمىزدەك ـــ يامان غەرەزلىك شەخسلەر ۋە تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىدىن ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان.**

## غەيرىي ھەربىي ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى: تېرورلۇق ئۇرۇشى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئۇرۇش

«يېڭى تېرورلۇق ئۇرۇشى» ئەنئەنىۋى تېرورلۇق ئۇرۇشىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. ئادەتتىكى مەنىدىكى تېرورلۇق ئۇرۇشىنىڭ كۆلىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆلۈم-يېتىم بىرەر قېتىملىق ئۇرۇشىنىڭكىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زوراۋانلىق تۈسى تېخىمۇ كۈچلۈك، شۇنداقلا قىلمىش داۋامىدا ئەنئەنىۋى جەمئىيەت قائىدە-نىزاملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى «چەكلىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چەكلىمىسىز ئۇرۇش قىلىش»تۇر. مەزكۇر ئالاھىدىلىك ھەرۋاقىت مۇئەييەن قائىدە-نىزام بويىچە ئىش قىلىدىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك «چەكسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چەكلىك ئۇرۇش قىلىدىغان» دۆلەت كۈچلىرىنى ئۇرۇش باشلانماستىنلا تولىمۇ ئەپسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان بىر قانچە كىچىك بالىدىن تەشكىل قىلىنغان تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىمۇ ئامېرىكادەك كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرالايدۇ. ھالبۇكى، «كالا بوغۇزلايدىغان پىچاقتا چۈجە ئۆلتۈرىدىغان» (يەنى پاشىنى زەمبىرەكتە ئاتىدىغان) ئۇسۇللار كۆپىنچە ۋاقىتتا كارغا كەلمەيدۇ. يېقىندا، نايروبى ۋە دارۇسسالامدا تەڭلا يۈز بەرگەن، ئامېرىكانىڭ ئىككى ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىش ۋەقەسى بۇنىڭ ئەڭ يېڭى ئىسپاتىدۇر. بىن لادېنچە تېرورلۇقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەردىكى مۇنداق تەسىراتنى كۈچەيتىۋەتتى: ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ـ قانچىلىك قۇدرەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـ بىر مەيدان قائىدىسىز ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى بەسى مۈشكۈل. ھەتتا، بۇ دۆلەت ـ ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتە قىلىۋاتقىنىدەك ـ تېرورچىغا ئايلىنىۋالسىمۇ، غەلىبە قىلالىشى ناتايىن.

لېكىن، ئەگەر بارلىق تېرورچىلار پارتلىتىش، گۆرۈگە ئېلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋە ئايروپىلان بۇلاش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تاكتىكىلار بىلەنلا چەكلەنسە، بۇنى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش دېگىلى بولمايدۇ. كىشىنى ھەممىدىن بەك تەشۋىشكە سالىدىغىنى، تېرورچىلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قورال قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان تۈرلۈك يۇقىرى-يېڭى تېخنىكىلار بىلەن ئۇچرىشىشىدۇر. بۇ خىل مەنزىرە ئاللىقاچان ئۆزىنى غىل-پال كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى تەشۋىشكە سېلىشقا باشلىدى. «ئام ھەقىقەت دىنى»نىڭ مۇرىتلىرى توكيو مېتروسىدا «سارىن» زەھەرلىك گازىنى قويۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭ قورقۇتۇش ئۈنۈمى زەھەرلىك گاز كەلتۈرۈپ چىقارغان تالاپەتنىڭكىدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى ۋە بۇ ۋەقە شۇنى

كىشىلەرنىڭ سەمىگە سالدىكى، زامانىۋى بىيولوگىيە تېخنىكىلىرى ئىنسانلارنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش كويىدا يۈرىدىغان تېرورچىلار ئۈچۈن قورال-ياراغنى تەقلەپ بەردى. بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان، يۈزلىرىنى ئېتىۋالغان ئۆتمۈشتىكى قاتىللارغا ئوخشىمايدىغىنى، ئىتالىيەدىكى «نەيزە پارتىيەسى» تامامەن باشقىچە تىپتىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق تېرورلۇق تەشكىلاتىدۇر. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇددىئاسى ئېنىق، ماھارىتى ئۈستۈن. ئۇلار مەخسۇس بانكا ۋە ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ كومپيۇتېر تورىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاش، پروگراممىلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش، ساختىا ئۇچۇر تارقىتىش قاتارلىقلارغا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى تور ۋە تاراتقۇلارغا قارىتىلغان تىپىك تېرورلۇق ھەرىكىتىدۇر. بىز ئەڭ يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ يېڭى ساھەلەردە ئىنسانىيەت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بۇ خىل تېرورلۇق ھەرىكىتىنى «يېڭى تېرورلۇق ئۇرۇشى» دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. (نەقىل تۈگىدى)

## ئېكولوگىيەلىك ئۇرۇش

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسرىدە مۇنداق دېگەن:**

ئېكولوگىيەلىك ئۇرۇش — زامانىۋى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ دەريا ئېقىنلىرىغا، دېڭىز-ئوكيانلارغا، يەر پوستىغا، قۇتۇپ مۇزلىرىغا، ئاتموسفېرا ئايلىنىشىغا ۋە ئوزون قاتلىمىنىڭ تەبىئىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ھۆل-يېغىن مىقدارىنى، تېمپېراتۇرانى، ھاۋا تەركىبىنى، دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىنى، كۈن چۈشۈش مىقدارىنى ئۆزگەرتىش، شۇنداقلا سۇنئىي يەر تەۋرىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يەرشارىنىڭ فىزىكىلىق مۇھىتىنى ۋەيران قىلىش ياكى رايوننىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئۇرۇنۇشى بولۇپ، بۇ يېڭى تىپتىكى «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش» ئۇسۇلىدۇر. بەلكىم، ئۇزۇنغا قالماي سۇنئىي پەيدا قىلىنغان «ئېل نىنو» (El Niño: تىنچ ئوكياننىڭ شەرقىدىكى سۇلارنىڭ بىر قانچە يىلدا بىر قېتىم بىنورمال رەۋىشتە ئىسسىپ كېتىش ھادىسىسى، ت) ياكى «لا نىنا» (La Niña: «ئېل نىنو ھادىسىسى»نىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، تىنچ ئوكياننىڭ شەرقىدىكى سۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە سوۋۇپ كېتىش ھادىسىسى، ت) ھادىسىلىرى مەلۇم دۆلەتلەرنىڭ ياكى دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلارنىڭ قولىدىكى يەنە بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى قورال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ تېرورلۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دۆلەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتلار جەمئىيەت ۋە ئاۋامغا قارىتا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغاچقا ۋە ھەرۋاقىت كۈتۈلمىگەن ئىشلارنى قىلغاچقا، ئېكولوگىيەلىك ئۇرۇش قوزغايدىغان سۇبيېكت بولۇش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى. شۇنداقلا، رېئال خەتەر شۇ يەردىكى، ئىمكانىقەدەر تېز تەرەققىي قىلىشنى كۆزلەش نەتىجىسىدە، يەرشارىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى دائىم ھالاكەت گىردابىدا

تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا قىلىنغان شۇنچىكى زەربە بىر مەيدان ئېكولوگىيەلىك بوھران پەيدا قىلىشقا يېتىدۇ. (نەقىل تۈگىدى)

**مەن پولكوۋنىكلارنىڭ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىككى يىل بۇرۇن تېرورلۇققا ۋە ئۇسامە بىن لادېنغا بولغان تونۇشىنىڭ قانچىلىك ئېنىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەشكە مەجبۇرمەن. ئۇلار دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت (يەنى ئامېرىكا)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنئەنىۋى قىسىملارنىڭ خەلقئارا قانۇنلارنى ۋە جەڭ قائىدىلىرىنى پىسەنتكە ئالمايدىغان تېرورچىلارغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇلار ئامېرىكانىڭ سىياسەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى چەكلىمىسىز ئۇرۇش مېتودىنى قوللىنىدىغان تېرورچىلارنى بايقاش ۋە توسۇشتا قىيىنلىدۇ، دەپ قارايتتى. «كالا بوغۇزلايدىغان پىچاقتا چۈجە ئۆلتۈرىدىغان» (牛刀杀鸡) دېگەن ئوخشىتىش بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى (يەرشارىۋى) ئۇرۇش»نى تەسۋىرلەشتىكى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان، ئەمما توغرا سۈپەت ئىدى.**

**ئاپتورلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئايروپىلان بۇلاشنىڭ ياكى بىئو-خىمىيىلىك ھۇجۇمنىڭ تەسىرىنىڭ ئەمەلىي ئۆلۈم-يېتىم سانىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى، بانكا ھېساباتلىرىنى ئۆچۈرىۋېتىدىغان ياكى ئېلېكتر تورىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تور ھۇجۇملىرىنىڭمۇ شۇ خىل ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىگە كونكرېت تاكتىكىلارنى قوللىنىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرمەستىن، چەكلىمىسىز ئۇرۇشتا پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان بارلىق تاللاشلارنى ئېدىتلاۋاتقان ئىدى. بۇ خىل رەھىمسىز تاللاش تىزىملىكى چوقۇم بىز (يەنى ئامېرىكا)نىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك تېپىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بولۇپمۇ كورونا ۋىرۇسىدىن مەنبەلەنگەن ئۇزۇنغان سوزۇلغان بوھراندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق. ياكى بىز خىتاي كومپارتىيەسى پايدىلىنىشقا تەشنا بولغان پۇرسەتلەرنى تونۇپ يېتىشكە بەكلا كىرىشۋالدۇقمۇ؟**

**تۇنجى قېتىم «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى ئوقۇغىنىمدا، ئېكولوگىيەلىك ئۇرۇشقا ئالاقىدار كېيىنكى بۆلەك ماڭا تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلغانىدى. ھالبۇكى، ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىز كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھدىتى ۋە خىتاينىڭ ئۇنى كۈچەيتىشتىكى رولىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. خىتاي كومپارتىيەسى كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بېرىشتە دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە يەر شارىنى ئىسسىتىۋېتىۋاتىدۇ. خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ غايەت زور نوپۇسىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا بولغان تىنىمسىز ئىستىكى سەۋەبلىك، دېڭىز-ئوكيانلاردىكى بېلىقلارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ تۇگىتىۋېتىشتىكى باش جىنايەتچىدۇر. گەرچە خىتاي «پارىژ كېلىشىمى»گە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي كومپارتىيەسى پىكىر بىلدۈرگەن باشقا مەسىلىلەردىكىگە ئوخشاشلا، بىز خىتاينىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش نىيىتى بارلىقى توغرىسىدىكى ھەرقانداق سۆزلەرگە زىنھار**

ئشنەلمەيمز. مەسلەن، ختاي سلانېتس گازنى (Shale gas ـــ سلانېتس قەۋەتىدىكى تەبىئىي گاز، ت) بار كۆچى بىلەن قېزىۋاتىدۇ.

شۇنىداق بولۇشىغا قارىماستىن، گرېتا سانبېرگقا (Greta Thunberg) ئوخشاش كىلىمات پائالىيەتچىلىرى ختاينىڭ يېقىنقى يىگىرمە يىلدىكى كەڭ كۆلەملىك ئېكولوگىيەلىك بۇزغۇنچىلىقتىكى رولىنى زىنھار تەنقىد قىلىپ باقمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار دىققىتىنى غەربنىڭ جىنايەتلىرىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ختاينىڭ يېشىللاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى ھەققىدىكى ساختا ئۇچۇرلارغا ئالداندى. ختاي كومپارتىيەسى قوزغىغان ۋە كىلىمات پائالىيەتچىلىرى بىلەن ب د ت قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئەۋجىگە چىقىرىلغان بۇ خاتا ئۇچۇر مۇجادىلىسى ئۇچۇر ئۇرۇشى بىلەن ئېكولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مىسالىدۇر. ب د ت مۇ ختاي بەرگەن پارىلار ۋە ختاينىڭ ب د ت ئاپپاراتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، (ختايدىن سادىر بولغان) بۇ مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكالىقلار كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە، ئۆز ئىقتىسادىغا ۋەيران قىلغۇچ زىيان سالىدىغان چەكلىمىلەرنى قوبۇل قىلدى، «مەينەت» ياسىمىچىلىق خىزمىتىنىڭ چەتئەلگە ـــ كۆپىنچە ھاللاردا ختايغا ـــ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشسىزلىق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، شۇنداقلا شىركەتلەر بۇ يەرلەردە چەكلىمىسىز ياكى چەكلىمە تولىمۇ ئاز شارائىتتا، مۇھىتنى بىمالال بۇلغىيالايدىغان بولدى. شۇنداقلا، گەرچە سلانېتس گازنى ئىشلىتىش جەريانىنىڭ خەۋپى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە بۇ (يەنى سلانېتس گازنى ئىشلىتىش) بىزنىڭ تەبىئىي گاز چىقىمىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا سىياسىيونلىرى يەنىلا سلانېتس گازنى ئىشلىتىشنى چەكلەشنىڭ كويىدا.

مەن سۈنئىي رەۋىشتە «ئېل نىنو» ھادىسىسى پەيدا قىلىشنىڭ مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما ختاينىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىدىن غەربنى ئالداش ۋە كونترول قىلىشنىڭ يەنە بىر پۇرسىتى سۈپىتىدە پايدىلىنىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

## غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۆپ تۈرلىرى

«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن سىرت، بىز يەنە غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇشنىڭ مەۋجۇت ياكى ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن بولغان نۇرغۇن ۋاسىتىلىرىنى ۋە شەكىللىرىنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز. مەسىلەن:

* پىتنە ـ پاسات تارقىتىش ۋە قورقۇتۇش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرىدىغان پىسخىكا ئۇرۇشى

* بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ۋەيران قىلىدىغان ئەتكەسچىلىك ئۇرۇشى

* كىشىلەر كۆرىدىغان ۋە ئاڭلايدىغان ئۇچۇرلارنى تىزگىنلەش ئارقىلىق جامائەت پىكرىنى يېتەكلەيدىغان تاراتقۇ ئۇرۇشى

* باشقا ئەللەرنى ئاپەتكە مۇپتىلا قىلىپ غايەت زور پايدىغا ئېرىشىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك ئۇرۇشى

* تولىمۇ خۇپىيانە، مۇداپىئەلەنگىلى بولمايدىغان تور ئۇرۇشى

* ئۆلچەمنى ئۆزى بېكىتىپ، پاتېنتنى مونوپول قىلىدىغان تېخنىكا ئۇرۇشى

* كۆچ كۆرسىتىپ، دۈشمەنگە پوپوزا قىلىدىغان مەۋھۇم ئۇرۇش

* تەبىئىي بايلىق زاپىسىنى تالان ـ تاراج قىلىپ بايلىق جۇغلايدىغان تەبىئىي بايلىق ئۇرۇشى

* كۆرۈنۈشتە خەيرخاھلىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان ئىقتىسادىي ياردەم ئۇرۇشى

* ئاساسىي ئېقىمغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئۆزگىلەرنى ئاسمىلياتسىيە قىلىدىغان كۇلتۇر ئۇرۇشى

* پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قائىدە ـ نىزام بېكىتىدىغان خەلقئارالىق قانۇنلار ئۇرۇشى

قانچىلىك يېڭى تېخنىكا بار بولسا، شۇنچىلىك يېڭى ئۇرۇش قىلىش ۋاسىتىسى ۋە شەكلى (ئۇشبۇ ۋاستە ۋە شەكىللەرنىڭ گىرەلەشتۈرۈپ، ئىجادىي رەۋىشتە قوللىنىشى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا) بار بولغان بۇ دەۋردە، بارلىق ۋاستە ۋە شەكىللەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناش تامامەن بىھۇدە ئىشتۇر ... چەكسىزلىككە يېقىن كۆپ خىل تاللاشلار ئالدىدا، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشەپ، ئۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى تاللاش ۋە ئىشلىتىشنى قورال كۈچى بىلەن ھەربىي ساھەگىلا چەكلەپ قويىسۇن؟ قورالسىز، غەيرىي ھەربىي، ھەتتا ئۆلتۈرمەيدىغان ـ يارىلاندۇرمايدىغان، قان تۆكمەيدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىقمۇ ئوخشاشلا ــ ھەتتا، تېخىمۇ ياخشى رەۋىشتە ــ ئۇرۇشنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ خىل نۇقتىئىينەزەر «ئۇرۇش قان تۆكىدىغان سىياسەتتۇر» دېگەن گەپنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ «قوراللىق ئۇرۇش توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ ئاداققى ۋاستىسىدۇر» دېگەن قارىشىنى ئۆزگەرتتى ... ئۇرۇش ئۇقۇمىنىڭ كېڭىيىشى ئۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ كېڭىيىشى بىلەن نەتىجىلەندى ... ئەتە ـ ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق ئۇرۇش قوراللىق ئۇرۇش بىلەن قورالسىز ئۇرۇشنىڭ ئەبجەش بىرىكمىسى بولغان كەڭ مەنىدىكى ئۇرۇشتۇر.

بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ مۇددىئاسى «قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى دۈشمەنگە تېڭىش» بىلەن كۇپايىلەنمەستىن، «ئۆزىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى دۈشمەنگە قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى، جۈملىدىن قورال كۈچى ۋە غەيرىي قورال كۈچىنى؛ ھەربىي ۋە غەيرىي ھەربىي، ئەجەللىك ۋە غەيرىي ئەجەللىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش» بولۇشى كېرەك. (نەقىل تۈگىدى)

**بۇ باب پولكوۋنىكلارنىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇش تەسەۋۋۇرىنىڭ نە قەدەر ئىجادىي ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان مۇشۇ پاراگراف بىلەن ئاياغلاشقان. خىتاي كومپارتىيەسى ئۇلارنىڭ بارلىق غەيرىي ھەربىي تاكتىكىلىرىنى ـــ بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى سىز ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن ـــ تەكرار ـ تەكرار ئىشلەتتى.**

**ئەتكەسچىلىك ئۇرۇشى؟ خىتاي تاموژنا بېجى ياكى باشقا بەلگىلىمىلەردىن قېچىش ئۈچۈن، ئۆز ماللىرىنى ئاۋۋال ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە يۆتكەپ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئەسلى نىشانغا توشۇيدۇ. خىتاينىڭ بۇ خىل يۆتكەپ توشۇشى ئەرزان باھالىق خىتاي ماللىرىنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا تۆكمە قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئامېرىكا سودا سىياسەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا.**

**تاراتقۇ ئۇرۇشى؟ خىتاي ھولليۋودنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن شىددەتلىك مۇجادىلە قىلدى. «خىتاي دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ كىنو ئىستېمالچىسى. شۇڭا ئامېرىكالىق فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈلتۈرگە مەسئۇل ئاپپاراتلىرىنى خۇش قىلىشقا ئۇرۇنۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولدى» دەيدۇ ستىفېن كولبېرت (Stephen Colbert).**

**زەھەرلىك چېكىملىك ئۇرۇشى؟ خىتاي فېنتانىل ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئامېرىكاغا ئەتكەس قىلدى. بۇ ھەقتە، خەنس ۋون سپاكوۋسكى (Hans A. von Spakovsky) بىلەن پېيتون سمىس (Peyton Smith) يازغان «خىتاي فېنتانىل ئارقىلىق ئامېرىكانى زەھەرلىمەكتە» دېگەن ماقالىدە شۇنداق دېيىلگەن: «ئامېرىكا كۆچمەنلەر ۋە تاموژنا قانۇن ئىجرائاتى ئىدارىسى (Immigration and Customs Enforcement ـــ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى قارمىقىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگىنى بولۇپ، 2003 ـ يىلى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان. ئاساسلىقى ئامېرىكا كۆچمەنلەر ۋە تاموژنا ساھەسىدىكى قانۇنسىز كۆچمەنلىك، ئەتكەسچىلىك ۋە باشقا ۋەقەلەرنى بايقاش، تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل، ت) خىتاينى ئامېرىكاغا كىرگەن قانۇنسىز فېنتانىل ۋە ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىسىمان بىرىكمىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى دەپ بېكىتتى. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى خىتايدا ياسالغان فېنتانىلنى توشۇشتا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ: فېنتانىل يا خەلقئارالىق پوچتا ئارقىلىق بىۋاسىتە ئامېرىكاغا ئەۋەتىلىدۇ، ياكى ئامېرىكاغا ئەتكەس قىلىنىش مەقسىتىدە ئاۋۋال مېكسىكاغا توشۇلىدۇ.»**

تور ئۇرۇشى؟ ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى خىتاينى يۈزدىن ئارتۇق ئامېرىكا شىركىتىگە تور ھۇجۇمى قىلدى دەپ ئەيىبلىدى. بۇ ھەقتە، 2020-يىلى 9-ئايدا، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن ئەدلىيە مىنىستىرى جېفرېي روسېن (Jeffrey Rosen) «ۋال كوچىسى گېزىتى»گە مۇنداق دېگەن: «ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ئۇشبۇ خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كومپيۇتېرغا قانۇنسىز سوقۇنۇپ كىرىشنى ۋە تور ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، قولىدىكى بارچە ئىمكانلىرىنى ئىشقا سالدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، خىتاي كومپارتىيەسى باشقىچە يول تۇتۇپ، ئۆز دۆلىتىنى خىتاينىڭ سىرتىدىكى كومپيۇتېرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خىتايغا پايدىلىق ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئوغرىلايدىغان تور جىنايەتچىلىرىنىڭ بىخەتەر پاناھگاھىغا ئايلاندۇردى.»

تېخنىكا ئۇرۇشى؟ خىتاي 5G سىمسىز تورىنىڭ خەلقئارا ئۆلچىمىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ھەربىي تەھلىلچى، قورال-ياراغ كونترولى ئىشلىرىغا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى فرانك روس 2020-يىلى 5-ئايدا مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا-خىتاي رىقابىتى ماھىيەتتە يەرشارى ئۈچۈر تېخنىكىسى ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئۆلچىمىنى كىمنىڭ كونترول قىلىدىغانلىقىغا ئالاقىداردۇر. مېنىڭچە، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 21-ئەسىردە كىم ئۈچۈر ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى كونترول قىلسا، دۇنياغا شۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.»

تەبىئىي بايلىق ئۇرۇشى؟ خىتاي ئىزچىل ھالدا كۆنسېرى مۇھىملىشىۋاتقان ئاز ئۇچرايدىغان تۇپراق ئېلېمېنتلىرى (rare-earth element —— تىلىمىزدا خىتايچە «稀土»غا ئاساسەن «سىرەك تۇپا» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەن بۇ ئاتالغۇ ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرىي جەدۋىلىدىكى ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى سكاندىي، ئىتترىي ۋە لانتان قاتارلىق 17 خىل خىمىيەلىك ئېلېمېنتنىڭ كوللېكتىپ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئېلېمېنتلار ئېلېكترونلۇق زاپچاسلار، لازېر، ئەينەك، ماگنىت، سانائەت ۋە خىمىيەلىك كاتالىزاتور قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ خىل ئىشلارغا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. ت) مېتالى بازىرىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. «دېترويىت خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ 2020-يىلى 11-ئايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ھازىر ئامېرىكادا ئىشلىتىلىدىغان ئاز ئۇچرايدىغان تۇپراق ئېلېمېنتلىرى مېتاللىرىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى خىتاي تەمىنلەيدۇ، خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا ئىلغار دۆلەتلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن تۆۋەن مۇھىت ئۆلچىمى قوللىنىدىغانلىقى بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەبتۇر. خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ لىتىي ئىئونلۇق باتارىيە سانائىتىدىكى ھەيران قالارلىق ئۈستۈنلۈكىنى بارغانسېرى زورايتىۋاتىدۇ. خىتاي پىلانلانغان غايەت زور تىپتىكى باتارىيە زاۋۇتلىرىنىڭ سانىنى 107 گە كۆپەيتكەن بولۇپ، نۆۋەتتە بۇنىڭ ئەللىك ئۈچى پائال ھالدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقارماقتا. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكادا پىلانلىنىۋاتقان زور تىپتىكى باتارىيە زاۋۇتىدىن پەقەت توققۇزىلا بار. ئامېرىكا ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ ۋە ئۇ تىرەپ تۇرغان مىليونلىغان خىزمەت ئورنىنىڭ كەلگۈسى تولىمۇ نائېنىق.»

ئىقتىسادىي ياردەم ئۇرۇشى؟ بۇ خىتاينىڭ «مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياۋرو-ئاسىيا رايونىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىش»نى مەقسەت قىلغان «بىر

بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى سۈپەتلەشتىكى ئۆلچەملىك تەبىردۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قارىماققا سېخىيلىقتەك كۆرۈنىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم ئارقىلىق رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر.

خەلقئارالىق قانۇن ئۇرۇشى؟ «مىراس فوندى»غا (The Heritage Foundation) كۆرە، «قانۇن ئۇرۇشى پىسخىكا ئۇرۇشى ۋە جامائەت پىكرى/تاراتقۇ ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم قوراللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ھەم رەقىبلەرنىڭ، ھەم بىتەرەپ تۇرغانلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەلقى ئارىسىدا رەقىبىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ يوللۇقلىقىغا قارىتا گۇمان قوزغاپ، بۇ ئارقىلىق سىياسىي ئىرادىنى ۋە قوللاشنى سۇسلاشتۇرىدۇ، ھەتتا ھەربىي ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇ يەنە جامائەت پىكرى/تاراتقۇ جېڭىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.»

تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىدا كۆرگىنىمىزدەك، خىتاي ئەڭ زور ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ ۋە باشقا تاكتىكىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە ماھىر. بۇ تاكتىكىلار تاراتقۇ ئۇرۇشى، خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ۋە دۇنيادىكى بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىگە پەرۋاسىزلارچە سەل قاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يىگىرمە يىل ئىلگىرى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى تۇنجى قېتىم ئوقۇغىنىمدا، مەن خىتاي خەلق ئارمىيەسىنىڭ بۇ ئىككى نەپەر پولكوۋنىكىنىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلارنى ئوخشىتىش تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەنىدە «ئۇرۇش» دەپ سۈپەتلىگەنلىكىگە ئىشىنەلمىگەنىدىم. مەنمۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئوخشاش، دىققىتىمنى ئەنئەنىۋى ئۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىمىزنى بارغانسېرى تاكامۇللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ خىل سۆزلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانىدىم. لېكىن، (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) بۇ خىل ئۇرۇشلارنىڭ نە قەدەر ئېغىر ۋە ئەجەللىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىز بۇ خىل غەيرىي ئەنئەنىۋى ھۇجۇملار ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمىگەن ھەربىر كۈن دۆلىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاستا ـ ئاستا خورىتىۋاتقان كۈندۇر.

# ئالتىنچى باب: قۇملۇق بورىنى: نادىر ھەربىي ئەسەر

پولكوۋنىكلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقاتى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى چۈشىنىشتە پەۋقۇلئاددە مۇھىم. بۇ ئۇرۇش 1990 ـ يىللار بويىچە خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسىنىڭ نۇرغۇن قاتلاملىرىدا كەڭ كۆلەمدە تەتقىق قىلىنغان. لېكىن، (شۇلارنىڭ ئىچىدە) چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي بىر قاتار مۇرەككەپ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، بىز بۇنىڭ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرىدا ئىپادىلەنگەنلىكىگە شاھىت بولماقتىمىز. پولكوۋنىكلارنىڭ نەزىرىدە، «قۇملۇق بورىنى» ھەرىكىتى «پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمىغان غەلىبە، پارلاق ئۇتۇق، ئەمما خاتا ساۋاق» ئىدى. بۇ باب ئاشۇ قېتىملىق ئۇرۇش توغرىسىدىكى مەن ئۇچراتقان ئەڭ چوڭقۇر تەھلىلدۇر. چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي شۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى تەسىرىنى ــــ ياخشى ـ يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــــ ئۆزىمىزنىڭ ھەربىي تەھلىلچىلىرىدىن بەكرەك چۈشەنگەنىدى. ئۇلار ئامېرىكانىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئامىللارنى چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ رەۋىشتە تەتقىق قىلىپ، ئامېرىكانىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە يېقىنقى ئىسلاھاتلارنىڭ قارار چىقىرىشنى قانداق راۋانلاشتۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى تەلتۆكۈس چۈشىنىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان. دەرۋەقە، ئۇلار بۇ جەھەتتە قاتتىق ئىزدەنگەنىدى.

ئۇلار ئۇرۇشنىڭ يوللۇقلۇقىغا ئۇل سالغان دىپلوماتىك ئاساس ۋە ئامېرىكاغا ياردەم بەرگەن كەڭ كۆلەملىك دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا ھەۋەس قىلغان. خىتاي خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرىشنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنداقلا، تاراتقۇلارنىڭ، بولۇپمۇ 24 سائەت توختاۋسىز تارقىتىش بېرىدىغان يەر شارىۋى سىملىق تېلېۋىزىيەنىڭ ئۇرۇشنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆز تاراتقۇلىرىنى تىزگىنلەپ، ئۇنى تاشقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىشكە ئەسەبىيلەرچە ئۇرۇنۇشىغا سەۋەب بولدى. پولكوۋنىكلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، «شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن غەرب تاراتقۇلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بىرلىشىپ يېشىلمەس تۈگۈندىن بىرنى چىگىدى ـ دە، سادامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراقنى دارغا ئاستى».

لېكىن، ئۇلار يەنە: «نۇرغۇنلىغان (يۇقىرى) تېخنىكىلىق قوراللاردىن ۋۇجۇدقا چىققان غەلىبە <كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئاسان بولىدۇ> دېگەن پەرەزگە سەۋەب بولدى» دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئۇرۇش توغرىسىدىكى نۇرغۇن يېڭى تەبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كونا ئۇرۇش شەكلىنى چەتكە قاقمايدۇ: پولكوۋنىكلار «ئىككىسىدىن بىرىگە تۇرىمىز» دېمەستىن، بەلكى «قوللانغىلى بولىدىغانلىكى تاكتىكىلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك» دېگەن نۇقتىئىينەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز تەيۋەن ھەمدە شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ «تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىش» توغرىسىدىكى بارغانسېرى قاتتىقلىشىۋاتقان سۆزلىرى ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا، ھەرىكەتچان ئۇرۇشنى بۇ رەۋىشتە «ئوپېراتسىيە قىلىش» ئەڭ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بايقايمىز.

پولكوۋنىكلارنىڭ يازمىلىرى بىردەك ھالدا شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، (تەيۋەنگە قارىتىلغان) ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي تاجاۋۇز خىتاي ئەڭ خالىمايدىغان ئىش بولۇشى قارىماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي ئەڭ ئاخىرىدا قىلىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن (يەنى خىتاي تەيۋەنگە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئويلاشمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق قىلىشنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ، ت). لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە (تەيۋەنگە قارىتىلغۇسى) بىر قاتار ئايىغى چىقماس يالغان ھۇجۇم، كۈشكۈرتۈش، تەشۋىقات مۇجادىلىسى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پوپوزىلارغىمۇ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز بۇ ھۇجۇملارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىنچىلىك بىلەن قاراتمىلىق سىياسەت تۈزۈپ چىقمىقىمىز لازىم.

## «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئۈچىنچى بابىدىن نەقىللەر

## كلاسسىك ئۇرۇش

«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

بەلكىم (پارىس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى) غەلىبىنىڭ بەكلا ئاسان قولغا كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقاتقان سام تاغىلار (ئامېرىكىلىقلار)نىڭ ئىچىدە تا بۈگۈنگىچە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلىگەنلەر يەنىلا ئىنتايىن ئاز. زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەن بەزى كىشىلەر بۇ غەلىبە سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ يېڭىلمەس ئىكەنلىكىنى كۈيلەش بىلەن ئاۋارە بولسا، يەنە بىر قىسىم ئەس-ھوشى جايىدا كىشىلەر ــ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «قۇملۇق بورىنى»غا قاتناشمىغان گېنراللار ۋە

ھەربىي تەھلىلچىلەردۇر ــ مۇرەككەپ ۋە نازۇك روھىي ھالەتتە، «قۇملۇق بورىنى»نى بىر مەيدان كلاسسىك ئۇرۇش ئەمەس، دەپ قاراشتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق «بۇ قەدەر كۆككۆلدىكىدەك شارائىتتا قىلىنغان ئۇرۇش ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ» دېمەكچى ئىدى. بۇنداق گەپ كىشىگە «قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق» دېگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ ... بىز ئامېرىكالىقلارنى ماختاپ داستان يازماقچى ئەمەس. لېكىن، «قۇملۇق بورىنى» ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ كۆپلۈكى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، داۋاملاشقان ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى، تالاپەتنىڭ ئازلىقى، نەتىجىسىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن، ئەھلى جاھاننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ، ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا ئايىغلاشقاندا، كىممۇ تېخنىكىلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ـ يەرشارىلىشىش دەۋرىدىكى ئۇرۇشنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان كلاسسىك ئۇرۇشنى ــ گەرچە ئۇ نوقۇل ھالدا ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرى ۋە ئامېرىكاچە جەڭ تاكتىكىسىدىن ۋۇجۇدقا چىققان كلاسسىك بولسىمۇ ــ ئۆزىنىڭ سىرلىق ئۇرۇش تارىخىغا قارايدىغان تۇنجى ئىشىكنى ئاچمىدى دېيەلىسۇن؟

بىز ئاللىقاچان يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئارقىلىق نېمىنىڭ «تېخنىكىلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ـ يەرشارىلىشىش دەۋرىدىكى ئۇرۇش» ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلماقچى بولساق، پەقەت «قۇملۇق بورىنى»لا بىزنى تەييار ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. نۆۋەتتە، ھەرقانداق مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەم بىردىنبىر، ھەم كلاسسىك، ھەم شۇ ۋەجىدىن بىزنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان بىر «ئالما»دۇر. **(نەقىل تۈگىدى)**

**پولكوۋنىكلار ئالدى بىلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ـــ ھەربىي، دىپلوماتىك ۋە تاراتقۇلارنىڭ تەسىرى جەھەتلەردىكى ـــ نۇرغۇن ئامىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تەرزدە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى توغرا رەۋىشتە كۆرستىپ ئۆتكەن. بەزى جەھەتلەردە، «قۇملۇق بورىنى» كەلگۈسىدىكى ـــ چەكلىمىسىز ئۇرۇش مېتودىدىن پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ـــ خەلقئارالىق توقۇنۇشلارنىڭ بېشارىتى ئىدى. يەنە باشقا جەھەتلەردە، ئۇ تارىختىكى تەكرارلىنىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمىغان مىسلىسىز پەيتتۇر. ئاپتورلار ئۇنى ئىچ ـ باغرىنى يېرىش (ئاناتومىيە قىلىش) ئارقىلىقلا تەتقىق قىلغىلى بولىدىغان «نۇرغۇن كەسمە يۈزى بار ئالما» دەپ ئاتىغان.**

**ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «كلاسسىك ئۇرۇش»تۇر. چۈنكى، ئۇ ئىلغار تېخنىكىلارنى غەربنىڭ كلاسسىك ھەربىي ئىستراتېگىيەسىگە تەدبىقلىغان. ئامېرىكانىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنىڭ، جۈملىدىن سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ ھەيران قالارلىق قۇدرىتىنىڭ ۋە رادارغا چۈشمەس ئايروپىلانلاردىن قويۇپ بېرىلگەن، دەل جايىغا تېگىدىغان لازېر نۇر ئارقىلىق يېتەكلىنىدىغان قوراللارنىڭ خىل قوراللار سەپلەنگەن ئىراق ئارمىيەسىگە بولغان مۇۋەپپەقىيىتى ئامېرىكالىقلارنىڭ 1990 ـ ۋە 2000 ـ يىللىرىدىكى «ھەربىي ئىنقىلاب نەزەرىيەسى»گە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدى. ھەربىي ئىنقىلاب نەزەرىيەسىدە بىزنىڭ ئېنېرگىيەمىزنى ۋە**

**بايلىقىمىزنى كۈچلۈك دۆلەت مۇداپىئەسى قوغدىشىنىڭ ئاچقۇچى بولغان تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكنى ساقلاشقا ۋە زورايتىشقا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەكلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەزكۇر ھەربىي ئىنقىلابنىڭ شۇ چاغدا ئوتتۇرىغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان خىتاينىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە قارىتا تامامەن خاتا ئىنكاس ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنداقتىمۇ، كىرىمىنى جىلغىسىدىن (يەنى شۇ يەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلغار تېخنىكىلاردىن) پايدىلىنىپ قىرغىن قىلىش ئۇنۇمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئويى يەنىلا ئاساسىي ئېقىمنى ئىگىلەۋەردى.**

## «شەبنەم» ئىتتىپاقى

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:**

سادامنىڭ نەزىرىدە، ئىران ئىنقىلابىدا ئامېرىكالىقلارنىڭ گۆرۈگە ئېلىنغانلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، كۇۋەيتنى بېسىۋېلىش ــ يەنە كېلىپ (ئامېرىكانى) ئالدىن ۋاقىپلاندۇرغان ئەھۋالدا ــ ئەرەب ئائىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى. گەرچە ئىراننىڭ ئامېرىكالىقلارنى گۆرۈگە ئېلىۋالغانلىقى ئامېرىكانىڭ يۈزىنى تۆككەن بولسىمۇ، لېكىن ئىراق پۈتۈن غەربنىڭ (نېفىت تەمىناتىدىن ئىبارەت) جان تومۇرىنى بوغۇۋالغانىدى ۋە جان ئەلۋەتتە يۈزدىن مۇھىم بولغاچقا، ئامېرىكامۇ، ئىراقنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلغان باشقا دۆلەتلەرمۇ بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلماي تۇرالمايتتى. كۆپىنچە ئەرەب ئەللىرى ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا سادامدىن ئىبارەت كاپىرنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ قۇدرەت تېپىپ ئۆزلىرىگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، ئۇلارنى راستلا كۇۋەيت ئۈچۈن ئادالەتنى ياقىلىماقچى، دېگىلى بولمايتتى. ئورتاق مەنپەئەت تەشۋىشى ئامېرىكالىقلارنى ئىراقنى باپلايدىغان ئىتتىپاق تورىنى شىددەتلىك سۈرئەتتە قۇرۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق قىلدى ... نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆزلىرى خالاپ مەزكۇر ئىتتىپاق تورىدىكى مەسئۇل تۈگۈنگە ئايلاندى. گەرچە ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە خالىمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەردلىك بىلەن پۇل چىقاردى. پۇل چىقىرىشتىنمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەسكەرمۇ چىقاردى ۋە شۇ ئارقىلىق قايتىدىن خەلقئارالىق چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىش قەدىمىنى غىمىسىسىدە بېسىۋالدى. مىسىر بولسا لىۋىيە بىلەن ئىئوردانىيەنى ئۇرۇشتا بىتەرەپ تۇرۇپ، ئىراقنى قوللىماسلىققا كۆندۈردى-دە، سادام تەلتۆكۈس يېتىم قالدى. ھەتتا، دۆلەت ئىچىدىكى ئورنى ئاجىزلاپ كەتكەن گورباچېفمۇ ئامېرىكانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاخىرىدا كۆپ دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ ئۆزىنىڭ سابىق ئىتتىپاقدىشىغا (ئىراققا) ھۇجۇم قىلىشىغا سۈكۈت قىلدى.

ئامېرىكادەك كۈچلۈك دۆلەتمۇ ئوخشاشلا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج بولىدۇ. بۇ خىل قوللاش ئاساسلىقى قانچىلىك ئەسكەر چىقىرىشتا ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنى يوللۇقلاشتۇرۇشتا ۋە

ئارقا سەپ ياردىمىدە ئىپادىلىنىدۇ. پىرىزدېنت (چوڭ) بۇشنىڭ سىياسىتىنىڭ ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشەلىشىدە ئۇنىڭ (ئىراققا قارشى) خەلقئارالىق ئىتتىپاق قۇرغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنى بۇ قېتىم ئامېرىكانىڭ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىگە، ئۇرۇش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلغان ۋە قان تۆككەن يالغۇز ئامېرىكالا ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرەلىگەنلىكى مۇھىم رول ئوينىغان. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ يەتتىنچى كورپۇسىنى سەئۇدىي ئەرەبىستانغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا تۆت دۆلەتنىڭ 465 پويىزى، 312 پاراخوتى ۋە 112 كېمە ئەترىتى ئىشقا سېلىنغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپونىيەمۇ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان مىكرو ئېلېكترون زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ ئامېرىكانىڭ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىغا بارغانسېرى تايىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ دەلىللىدى. يېڭى دەۋردە، «تەنھا پالۋان» بولۇش ھەم ئاقىللىق ئەمەس، ھەم رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ... ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئىراقنىڭ (كۇۋەيتتىن) ئەسكەر چېكىندۈرۈشىنى تەلەپ قىلغان 660 ـ نومۇرلۇق قارارىدىن، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشىغا ئىجازەت بەرگەن 678 ـ نومۇرلۇق قارارغىچە، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن بۇ ئىتتىپاق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتراپىغا ئېرىشتى. ئىراققا قارىتىلغان ئېمبارگوغا 110 دىن كۆپرەك دۆلەت؛ قوراللىق ھەرىكەتكە ئوتتۇزدىن ئارتۇق دۆلەت ئىشتىراك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئەرەب ئەللىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىسى روشەنكى، ھەربىر دۆلەت بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتىن ئىلگىرى ئۆز مەنپەئەتى ھەققىدە چوڭقۇر كاللا قاتۇرغانىدى.

ب د ت نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قول تىقىشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەنگەن، ھەر يېرىنى شەبنەم قاپلىغان ئۆمۈچۈك تورى كەبى ئاجىز بۇ ئىتتىپاقنى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك ھالغا ئەكېلەلمەيتتى. سىياسەتچىلەرگە نىسبەتەن، ئىتتىپاق ــ پايدا ـ زىياننى ئوبدان دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشى، بىر قېتىملىق كېلىشىم ئىمزالىشىش، ھەتتا قىزىق لىنىيەلىك تېلېفوندىكى بىر قېتىملىق ئاغزاكى ۋەدە، خالاس. ھالبۇكى، ئىتتىپاق ھالىتىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بىر قوشۇنغا نىسبەتەن، ھەرقانداق بىر ھالقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قەتئىي رىئايە قىلىشىنى بېكىتكەندىن سىرت، يەنە «مەلىكە كۇنارد» ناملىق ساياھەت پاراخوتىنى دېڭىزغا توختىتىپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى غەربچە كۆڭۈل ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان؛ ئامېرىكا يەنە ئىسرائىلىيەنىڭ (ئىراق ئارمىيەسى قويۇپ بەرگەن) «يەلتاپان» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمىدىن ئۆچ ئالمەن دەپ ئىراققا قارشى بىرلىكسەپنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيەنى ھاۋا ھۇجۇمىدىن قوغداشقا ئالاھىدە كۈچەپ، ئۇشبۇ ئىتتىپاقداشلىق تورىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھىمايە قىلدى.

تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، «شەبنەم» ئىتتىپاقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر دەۋرنى، يەنى 1879-يىلى گېرمانىيە-ئاۋستىريە ھەربىي ئىتتىپاقى تۈزۈلگەندە باشلانغان مۇقىم ئىتتىپاقداشلىق دەۋرىنى ئاياغلاشتۇردى. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىدېئولوگىيەنى ئىتتىپاقداشلىق ئاساسى قىلىدىغان دەۋر ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، مەنپەئەت ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. دۆلەت مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا بولغان سىياسىي پراگماتىزمچىلىق تۈگى ئاستىدا، ھەرقانداق ئىتتىپاق ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا مەنپەئەتنى تۈپ مەقسەت قىلىدىغان، گاھىدا ھەتتا «ئادالەت تۇغى»نى كۆتۈرۈشكىمۇ ئېرىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئىتتىپاقداشلىق ھادىسىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى شەكسىز، لېكىن ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا تارقاق، ئۆتكۈنچى مەنپەئەت بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر ئىتتىپاق مەنپەئەتنى كۆزلىمەستىن، نوقۇل ھالدا ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن قۇرۇلمايدۇ. ئوخشىمىغان مەزگىلدىكى مەنپەئەت نىشانلىرىمۇ پەرقلىق بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىش ياكى ئىتتىپاقلاشماسلىق مۇشۇنىڭغا بىنائەن بەلگىلىنىدۇ. بارغانسېرى رېئاللىشىش ۋە بارغانسېرى ھەرقانداق ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىق ئۆلچەملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق زامانىۋى ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بارلىق كۈچلەر مەنپەئەت تورى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە (بۇ خىل ئىتتىپاقداشلىقنىڭ) مۇددىتى پەۋقۇلئاددە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۈنۈمى تولىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. زامانىۋى دۆلەتلەر، دۆلەت ھالقىغان تەشكىلاتلار، ھەتتا رايونلۇق كۈچلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارغانسېرى ئېنىقسىزلىشىپ كەتتى ... نۆۋەتتىكى دۇنيادىكى تۈرلۈك-تۈمەن خىل كۈچ گۇرۇپپىلاش شەكىللىرىمۇ تۈرلۈك-تۈمەن خىل تېخنىكىلار بىر گەۋدىلىشىۋاتقان يەرشارىلىشىش دەۋرى بىلەن ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بولمىغان مەلۇم خىل ماسلىق ھاسىل قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئۈچۈن شەكىللەنگەن «شەبنەم» ئىتتىپاقى يېڭى ئىتتىپاقداشلىق دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى رەسمى ئاچتى. (نەقىل تۈگىدى)

**بۇ بۆلەكتە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى ئىراققا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى باشقا ھەرقانداق ئىتتىپاقلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت نادىر نۇقتىئىينەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئەسىردىكى، يەنى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىتتىپاقداشلىقتىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش مۇھىم.**

**ئامېرىكا ئىراققا قارشى ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى ئىراقنىڭ كۇۋەيتنىڭ نېفىتلىكلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقى بىزنىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىمىز ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان تەھدىت ئىدى، چۈنكى ئۇ «پۈتكۈل غەربنىڭ جان تومۇرىنى بوغۇۋالغانىدى». ئۇلار ئىلگىرى ئېيتقاندەك، پولكوۋنىكلار نېفىتنى ئۇرۇشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى دەپ قارايدۇ، ئەمما مەن پرېزىدېنت بۇشنىڭ (ئىراقنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەبلىك نېفىت تەمىناتىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشىدىن تەشۋىشلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا) ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى نومۇسسىزلارچە ئىشغال قىلىۋالغانلىقىدىن ھەقىقەتەن غەزەپلەنگەنلىكىگىمۇ ئىشىنىمەن. (نېفىت تەمىناتىنىڭ**

ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا بولغان تەشۋىش بىلەن كۈۋەيتنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىشىغا بولغان غەزەپنىڭ) ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا راست بولۇشى مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك، «قۇملۇق بورىنى»دىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقتا كىرىشتىكى مۇددىئاسى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامېرىكاغا ياخشىچاق بولۇشنىڭ كويىدا ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ بابتىكى ئەڭ ئالدىن كۆرەرلىكى شۇكى، ئۇلار ۋاقىتلىق، قىسقا مۇددەتلىك ئىتتىپاقنىڭ «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» ۋە «ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى» قاتارلىق ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىتتىپاقلارنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئىدىئولوگىيەلىك دۈشمەنگە قارشى پۇختا ئاساسقا ئىگە دۇنياۋى ئىتتىپاقنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمىغانىدى. پولكوۋنىكلارنىڭ «كەلگۈسىدىكى ئىتتىپاقلاردا ‹قۇملۇق بورىنى›نىڭ ئەندىزىسى قوللىنىلىدۇ، يېڭى بوھران يۈز بەرگەندە، ب د ت ياكى باشقا يەر شارىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ـ ئۇچرىماسلىقتىن قەتئىينەزەر، ھەرقايسى دۆلەتلەر چوقۇم كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەمكارلىشىدۇ. ئاندىن مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن ئىتتىپاقداشلار ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشىدۇ» دېگەن مۆلچەرىمۇ توغرا ئىدى. بىز بۇ خىل يېڭى ئەندىزىنىڭ «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئافغانىستان ۋە ئىراق ئۇرۇشىدا داۋاملاشقانلىقىغا شاھىت بولدۇق.

ئاپتورلار يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى «دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تاللاشلىرىغا بولغان خەلقئارالىق قوللاشنى مۇستەھكەملەيدىغان تەشكىلىي گەۋدە» دەپ توغرا تەسۋىرلىگەن. بۇ خىل چۈشەنچە شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ب د ت ئاپپاراتلىرىغا ۋە باشقا دۇنياۋى تەشكىلاتلارغا كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇ خىل سىڭىپ كىرىش ئۇرۇنۇشى 2020 ـ يىلى (خىتاي ئۈچۈن) ناھايىتى ياخشى «مېۋە» بەردى. يەنى ئەينى چاغدا غەربتىكى دېموكراتىك ئەللەر ئاساسەن خىتاي ب د ت ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئارقىلىق تارقاتقان تاجسىمان ۋىرۇسقا ئالاقىدار يالغان ئۇچۇرلارغا ئىشەندى. ئىلگىرىمۇ ئېيتقىنىمدەك، خىتاينىڭ تاجسىمان ۋىرۇس يۇقۇمىنى سۈيىئىستېمال قىلىشى ئۇنىڭ بۈگۈنكىگە قەدەر چەكلىمىسىز ئۇرۇش مېتودىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلانغانلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى بولۇشى مۇمكىن.

## دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىققان «قايتا تەشكىللەش قانۇنى»

«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

... ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ۋېيتنامنى بومباردىمان قىلغان ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى بىرلا ۋاقىتتا تۆت جايدىكى مۇستەقىل قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى ... بۇنىڭدىن 15 يىل

مۇقەددەم، قوماندانلىق سىستېمىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىكەنلىكى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى، بېيرۇتتا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا قىسىملىرىنى ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلدى، يەنى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ ئالاھەزەل 200 نەپەر جەڭچىسى ھاياتىدىن ئايرىلدى [1983-يىلى 10-ئايدا، لىۋان ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، لىۋاننىڭ بېيرۇت شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ گازارمىسى يۈك ماشىنىسى بومبىسى ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 220 جەڭچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 241 نەپەر خادىم ھاياتىدىن ئايرىلغان]. «گرېنادا» (Grenada) ھەرىكىتىدە بىرلەشمە ئالاھىدە قىسىمنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان گېنېرال نورمان شۋارزكوف (Norman Schwarzkopf) كېيىن «قۇملۇق بورىنى» ھەرىكىتىدە بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولغانىدى، گرېنادادا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ (قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەلىرى دېگەندەك) ئارمىيە تۈرىگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ئۇنتۇيالمىغان. بۇ «بىرلەشمە ئۇرۇش قىلغاندا، زادى كىم كىمنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئىدى.

تولىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئامېرىكا ئارمىيەسىنى نەچچە ئون يىل ئاۋارە قىلغان بۇ مەسىلە ئۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان گېنېراللار ياكى ئىلمىلىك مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى گولدۋوتېر (Goldwater) ۋە نىكولاس (Nichols) دېگەن ئىككى نەپەر كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى تەرىپىدىن ھەل قىلىنغان. 1986-يىلى دۆلەت مەجلىسى بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىغا قويغان «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى قايتا تەشكىللەش قانۇنى»نى ماقۇللاپ، بىرلەشمە ئۇرۇش جەريانىدا ھەرقايسى قىسىملارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسىنى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلغان.

پوۋېل (Colin Powell) ۋە شۋارزكوف «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى قايتا تەشكىللەش قانۇنى»دىن ئەڭ دەسلەپتە مەنپەئەتلەنگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا ئۇرۇش تارىخىدىكى ھوقۇقى ئەڭ زور ئىككى نەپەر گېنېرالغا ئايلانغان. شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ رەئىسى بولغان پوۋېل تۇنجى قېتىم «پرېزىدېنتنىڭ باش ھەربىي مەسلىھەتچىسى»لىك ئورنىغا ئېرىشكەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق بىۋاسىتە پرېزىدېنت ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىدىن بۇيرۇق ئېلىپ، شۇنىڭغا بىنائەن (قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋادىن ئىبارەت) ئۈچ قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ شتاب باشلىقلىرى ئارىسىدىكى ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىشلارنىڭ كېلىشتۈرگۈچىسى بولۇشتىن قۇتۇلغان؛ جەڭگاھ قوماندانى شۋارزكوفنىڭ ھوقۇقى تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، ئۇ بەشبۇرجەكلىك بىنادىن كەلگەن قاقشاش-ۋايساشلاردىن ئاڭلىغۇسى كەلگەنلىرىنى ئاڭلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئىش قىلسا بولاتتى ... نەتىجىدە، ئۇ «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى قايتا تەشكىللەش قانۇنى» بىرلەشمە باش شتاب قوماندانىغا بەرگەن ئارمىيە ھالقىغان ھوقۇقنى زۆرۈر تېپىلغاندا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ...

ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىغا بەش يىلمۇ بولمىغان بىر قانۇنغا شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا بۇ قەدەر تەلتۆكۈس رىئايە قىلىنىشى ئامېرىكادىن ئىبارەت قانۇن ئېڭى كۈچلۈك جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ پۈتۈم روھىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا چىققان يېڭىچە قوماندانلىق ئەندىزىسى ئارمىيە (قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەلىرىدىن ئىبارەت) تۈرلەرگە ئايرىلغاندىن بۇيانقى ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈرنىكىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ بىر قاراشتىلا مەلۇم بولىدىغان ئۈنۈمى شۇكى، ئۇ قوماندانلىق قاتلاملىرىنى ئازايتىپ، ھاۋالە تېپىدىكى قوماندانلىقنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆتمۈشتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دەرەخسىمان قوماندانلىق سىستېمىسىنى تورسىمان قۇرۇلمىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ قوشۇمچە تەسىرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ تېخىمۇ كۆپلىگەن ئۇرۇش قىلغۇچى بىرلىكلەرنى دەل ۋاقتىدا جەڭگاھ ئۇچۇرلىرىنى ھەمبەھىرلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئەگەر «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى قايتا تەشكىللەش قانۇنى»نى تېخىمۇ كەڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە كۆزەتكەندە، شۇنى ئاسانلا بايقاش مۇمكىنكى، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بۇ قېتىملىق قايتا تەشكىللىنىشى تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردە كونا ئارمىيەلەردىكى قوماندانلىق مۇناسىۋىتىگە قويۇلغان «ئەسلىدىكى ھەرقايسى ئارمىيەلەرنىڭ تارقاق قوماندانلىق ھوقۇقىنى قايتىدىن گۇرۇپپىلاپ، شۇ ئاساستا مەلۇم بىر ۋاقىتلىق نىشان ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈلگەن، بارلىق ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ھوقۇق شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالايدىغان قىلىش»تىن ئىبارەت ھەقلىق تەلەپكە ماسلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى قايتا تەشكىللەش قانۇنى»نىڭ ئامېرىكادا دۇنياغا كېلىشى ۋە ئامېرىكا ئارمىيەسىدە پەيدا قىلغان تەسىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. 21- ئەسىردە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى ئويلايدىغان ھەرقانداق دۆلەت مۇقەررەر ھالدا بۇ خىل تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ، يا «قايتىدىن تەشكىللەيدۇ»، يا مەغلۇپ بولىدۇ، باشقا تاللاش يوق. (نەقىل تۈگىدى)

**پولكوۋنىكلارنىڭ «گولدۋوتېر-نىكولاس قانۇنى» (يەنى يۇقىرىدا تەكرار تىلغا ئېلىنغان «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى قايتا تەشكىللەش قانۇنى») ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى راۋانلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان، دېگەن يەكۈنى توغرا. ئۇلار يەنە: «ئامېرىكالىقلارنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى يۇقىرى ئېڭى 1986-يىلىدىن 1991-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكانىڭ قوماندانلىق قۇرۇلمىسىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت ياراتقان» دېگەن ئۆزگىچە نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ «ھەربىر ئارمىيە تۈرىنىڭ باش شتاب باشلىقىغا قەدەر تۇتاشقان مۇستەقىل قوماندانلىق زەنجىرى بار بولغان كونا قۇرۇلما زامانىۋى ئۇرۇشلارنىڭ خىرىسلىرى ئالدىدا تولىمۇ زەئىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدى» دېگەن يەكۈنىمۇ توغرا. دەرۋەقە، «قۇملۇق بورىنى»غا ئوخشاش يۇقىرى تېخنىكىلىق توقۇنۇشتا، بىز قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسى ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرىنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە تولۇق ھوقۇقا ئىگە قوماندانغا موھتاج.**

گېنېرال شۋارىزكوف بۇ ۋەزىپىنى تولىمۇ قالتىس ئورۇنداپ، ئافغانىستاندا ۋە 2003 ـ يىلىدىكى ئىراق تاجاۋۇزى قاتارلىق باشقا ھەرىكەتلەردە ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا موھتاج بولغان كەلگۈسى جەڭ قوماندانلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ھازىر قارايدىغان بولساق، «گولدۋوتېر ـ نىكولاس قانۇنى» ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئامېرىكانى كەلگۈسىدىكى چەكلىمىسىز ئۇرۇش دەۋرىگە تەييارلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشى خىتاي كومپارتىيەسى، شۇنداقلا ئىران، شىمالىي كورېيە قاتارلىق باشقا رەقىبلەر ئەكەلگەن تۈرلۈك تەھدىتلەرگە قارشى بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەت ئىنكاسىنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ. بىز دۆلەتنىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇشقا بولغان ھەربىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئىنكاسىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئۇيۇشۇشچان قۇرۇلمىغا موھتاج.


شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتايمۇ يېقىندا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرزدە قايتا تەشكىللىدى. مەن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ئوغرىلىۋالغان ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئادەمسىز سۇ ئاستى ئۆزگۈسىنى (unmanned underwater vehicle) ئامېرىكاغا قايتۇرۇش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش جەريانىدا بۇنىڭغا ئۆز كۆزۈم بىلەن شاھىت بولدۇم. گەرچە خىتاي پاراخوتىنىڭ كاپىتانى ئۆز ھوقۇقىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ (ئۇ سۇ ئاستى ئۆزگۈسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ ئۆزگۈنى تۇتۇۋالغان)، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قايتىدىن لايىھەلەنگەن قوماندانلىق ۋە كونترول سىستېمىسى شى جىنپىڭنىڭ كرىزىس يۈز بەرگەن ھامان ئۇنىڭدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەربىي مۇناسىۋەتكە مەسئۇل گېنېرالى چەتئەلدە سەپەر قىلىۋاتقان بولغاچقا، مەن خىتاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان ھەربىي مۇناسىۋەتكە مەسئۇل گېنېرالىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇزۇن بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. مەن شى جىنپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە بۇيرۇق بەرگەنلىكىگە ئۆز كۆزۈم بىلەن شاھىت بولدۇم. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئادەمسىز سۇ ئاستى ئۆزگۈسىنىڭ رەسىمىنى بىۋاسىتە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا يوللىيالايدىكەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتمۇ مەزكۇر پاراخوتقا بۇيرۇق ۋە مۇددىئالارنى بىۋاسىتە يەتكۈزەلەيدىكەن.

ئاپتورلار 1998 ـ يىلىلا رەھبەرلەر بىلەن ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇننى بىۋاسىتە باغلايدىغان تېخنىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شى جىنپىڭ كېيىنچە بۇ بىلىمنى ۋە ئامېرىكا تېخنىكىلىرىنى ئىشلىتىپ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنى مۇكەممەل كونترول قىلالايدىغان دۇنياۋى يۇقىرى تېخنىكىلىق سىستېما بەرپا قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئەڭ مۇھىم ساھەدە (يەنى ئارمىيەدە) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شى جىنپىڭ غەربتىن كېلىدىغان تىجارەت، مەبلەغ ۋە تېخنىكىلارنى توسۇپ قويىدىغان ھەربىي توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايدۇ. ئادەمسىز سۇ ئاستى ئۆزگۈ كرىزىسى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكاغا ئالاقىدار ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل خادىمى ماڭا: «بىز ھازىر (ئامېرىكا بىلەن) توقۇنۇشۇپ قېلىشنى خالىمايمىز، بۇ (يەنى قوراللىق توقۇنۇش) بىزنىڭ ئىستراتېگىيەمىزنىڭ بىر قىسمى ئەمەس» دېگەنىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دۆلەتلىرى

قەھرىمان غوجامبەردى

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى دۆلەتلىرى

قەھرىمان غوجامبەردى

كۆپلىگەن شەرقشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار ئۇيغۇرىستاننىڭ[1] (شەرقىي تۈركىستاننىڭ[2]) يەرلىك خەلقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا (مەركىزىي) ئاسىيا رايونىغا _ تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، مەدەنىي ۋە گېئوسىياسىي تەھلىلى نۇقتىسىدىن قارىغاندا: ئۇيغۇرىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، موڭغۇلىيە، پاكىستان، تىبەت، كەشمىر ھەمدە ئىران ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرى كىرىدۇ. ئۇيغۇرىستان كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىق دۆلەتلەرنىڭ، يەنى دۆلەتلىرىنىڭ گۈللەنگەن ئورنى بولغان. ھونلارنىڭ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ، قاراخانىيلار قاغانلىقىنىڭ، تۇرپان، يەركەنت، موغۇل، يەتتە شەھەر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكىنىڭ ئاجرالماس ئاساسىغا ئايلاندى. خىتاي تارىخچىلىرى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى پايدىسىغا ئۇيغۇرلار تارىخىنى ساختىلاشتۇرماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى، «شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇيغۇرلار ھېچ بىر ۋاقىت مۇستەقىل بولۇپ باققان ئەمەس» دېگەن سىياسىي ئىيدىئولوگىيىسىنى ئۇيغۇرلارغا ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلىپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ مەقسىتى ـــ تارىخىي رېئاللىقلارنى بۇرمىلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتى خىتاي مىللىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى خىتايغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن تاشقىرى مۇستەقىل ياشىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەندەك ئىدىيەلەرنى ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرلاپ قوبۇل قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاساسلىق يەرلىك خەلقى. ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن مىللىي گېنېتىكا، تىل، دىن ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق. ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تەكىتلىگىنىدەك ھەرگىزمۇ «ئاز سانلىق مىللەت» ئەمەس، ئەكسىچە ئۇيغۇرىستاندا خەلقئارا پرىنسىپ دائىرىسىدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى

[1] ئاپتور ئەسىرىدە «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسىنى قوللانغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئاتىشىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىدى.

[2] ژۇرنال تەھرىراتى تەرىپىدىن قىستۇرۇلدى

بەلگىلەش ھوقۇقىغا، سالاھىيىتىگە ئىگە بىردىنبىر تۆپ يەرلىك مىللەت. ئۇيغۇرىستان بېسىۋېلىنغىچە ھېچقاچان خىتاينىڭ تەركىبىي قىسمى بولمىغان.

كېيىنكى 30 يىل مابەينىدە توپلانغان ئارخېئولوگىيەلىك ۋە ئانتروپولوگىيەلىك ماتېرىياللار، ئۇيغۇرىستان تەۋەسىدە ئادەملەر مىلادىدىن تەخمىنەن ئالتە ـ يەتتە مىڭ يىل ئىلگىرى، يەنى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ بېشىدىن بېرى، مۇنتىزىم ئىگىلىك پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغانلىقىدىن ۋە كونا تاش قوراللار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغانلىقىدىن گۇۋاھلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ تېپىلغان ۋە ئۆگىنىلگەن نەمۇنىلىرى مەركىزىي ئاسىيادا تەرەققىي قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاتاقلىق قازاقىستانلىق تارىخچى گېگېل ئىسقاقوۋ ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنوسىياسى بىرلىك سۈپىتىدە شەكىللىنىش جەريانى بىزنىڭ پىكرىمىزچە ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئۈچ مىڭ يىل جەريانىدا يۈز بەرگەن ۋە 15 ـ ئەسىردە تولۇق ئاياغلاشقان». (6) تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھون قەبىلىلىرى بىلەن باغلاشتۇرىدۇ. ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ ئۈچ تارمىقى ئۇيغۇرىستاننىڭ بارلىق ۋادىلىرى ئارقىلىق ئۆتۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋادىلاردىكى ئىخچام دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىنىڭ چاپسان تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئۇيغۇرىستاننىڭ ھىندىستان، ئۇلۇغ دالا، خىتاي، ئىرانغا ئوخشاش ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ رۇسىيەگە ئوخشاش دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىل مەركەزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، گېئوسىياسىي ئەھۋالى ۋە ئالاقىسى، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر يەتكۈزۈشىگە ياردەم قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ، قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ، ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئۇلۇغ دالا كۆچمەنلىرىنىڭ سودا، مەدەنىيەت، تىل ۋە يېزىل ساھەلىرىدە ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى خېلى كۈچلۈك بولغان. ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوسىياسىي ۋە ئېتنومەدەنىي ئالاقىلىرى تۇراقلىق بولۇپ تۇرغان. ئۇيغۇرىستان شەرق بىلەن غەربنى باغلاشتۇرىدىغان ھالقا رولىنى ئوينىغان. ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ئۈچۈن رىقابەتچى ۋە توسالغۇ بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرىستان بىر نەچچە قېتىم خىتاي دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك تاجاۋۇزچى ھۇجۇمىغا دۇچار بولغان.

تارىخ ئۈچ مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بىرلىككە ۋە مەركەزلەشكەن دۆلەت تەشكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە بولغان ئىنتىلىشلىرى، ئېتنوسىياسىي تەرەققىياتتا ئاساسىي يۆنىلىشى بولغانلىقىدىن گۇۋاھلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخنىڭ ئايرىم دەۋرلىرىدە دىنىي ۋە فېئوداللىق ـ مۈلۈكچىلىك زىددىيەتلىرىگە باغلىق بىر مەزگىلدە ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى: كەڭسۇ (گەنجۇ) ئۇيغۇر قاغانلىقى، تۇرپان (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر قاغانلىقى، قاراخانىيلار قاغانلىقى مەۋجۇت بولدى. لېكىن زىددىيەتلەرگە ۋە توقۇنۇشلارغا قارىماي، ئۇلار ئۆزئارا تۇراقلىق ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇيغۇرىستان تەۋەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇيغۇر ئېتنوسى ئۆز تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا

مۇستەقىل ياكى باشقا ئېتنىك قانداش قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنى، فېدېراتسىيەلەرنى، كونفېدېراتسىيەلەرنى، قاغانلىقلارنى، خانلىقلارنى ۋە باشقا دۆلەت شەكىللىرىنى قۇرغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى دۆلەت شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا، يەنى (مىلادىدىن بۇرۇنقى) 5 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ. شۇ دەۋرلەردە تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقلىرى ئەتراپىدە كۆپلىگەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بولغان. بۇ مۇستەقىل بولغان سىپىللىق ئاھالىلىق رايونلارنى تارىختا «شەھەر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋادىلاردىكى شەھەر دۆلەتلىرى، باشتا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قان قېرىنداشلىرى بولغان ھونلارنىڭ ئوغۇزخان تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە)، ئۇلۇغ كۆكتۈرك قاغانلىقى (مىلادى 552~745 ـ يىللار) تەركىبىدە ياشىغان بولسا، تارىخىي ئارىلىقتا مۇستەقىل ئۇيغۇر ئېگىز ھارۋىلىقلار (گاۋچې) قاغانلىقىنى (مىلادىيە 487~546 ـ يىللار) قۇرغان، كېيىنرەك مۇستەقىل ھالدا ئۆز دۆلىتىنى تىكلىگەن.

تارىخى مۇقىملاشقان مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلەتلىرى

ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادىيە 645~845 ـ يىللار)؛

ئۇيغۇر ئىدىقۇت (تۇرپان) قاغانلىقى (850~1335 ـ يىللار)؛

كەڭسۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى (848~1036 ـ يىللار)؛

قاراخانىيلار قاغانلىقى (850~1212 ـ يىللار)؛

يەركەنت (ياركەند سەئىدىيە) خانلىقى (1514~1680 ـ يىللار)؛

يەتتەشەھەر ئۇيغۇر خانلىقى (1864~1878 ـ يىللار)؛

ئىلى خانلىق ـ سۇلتانلىقى (1864~1871 ـ يىللار)؛

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933~1934 ـ يىللار)؛

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944~1949 ـ يىللار).

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇدرەتلىك دۆلەتلەر قۇرۇپ، زور سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى ياراتقان. لېكىن، ئۇيغۇرىستان تۇنجى قېتىم چىڭ (مانجۇ) خاندانلىقى تەرىپىدىن 1759 ـ يىلى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، 1864 ـ يىلى ئۇيغۇرلار قايتىدىن مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمما، 1877~1878 ـ يىللىرى ئۇيغۇرىستان ئىككىنچى قېتىم چىڭ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ

**تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى ۋە 1884-يىلى مانجۇ ئىمپېراتورى ئۇيغۇرىستاننىڭ نامىنى «شىنجاڭ» دېگەن ھاقارەتلىك نامغا ئۆزگەرتتى. بۇ نامنىڭ خىتايچىدىن تەرجىمىسى «يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان زېمىن» ياكى «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نامنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆرسىتىپ تۇرماقتا. چىڭ ئىمپېراتورلۇقى گۇمران بولغان 1911-يىلدىن تاكى كوممۇنىست خىتاي دۆلىتىنى ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلغان 1949-يىلغا قەدەر ئۇيغۇرىستان خىتاينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خىتاي مىلىتارىستلىرى تەرىپىدىن مۇستەقىل ھالدا ئىدارە قىلىندى ۋە ئالاھىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە دىنىي ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋردە، بىرىنچىدىن، مىلىتارىستلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئۇيغۇرىستان تېررىتورىيەسىنىڭ بەزىبىر كىچىك رايونلىرى بىلەنلا چەكلەندى. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەسىرى خىتايدىن كۈچلۈك بولدى. ئۈچىنچىدىن، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى (1933~1834 ۋە 1944~1949) قۇرۇپ، كېيىنكى قېتىم، ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى، قالغان رايونلاردا يېرىم مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ۋە ئىچكى جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.**

**ئۇيغۇرىستاننىڭ ھازىرقى ئەدلىيىۋى-مەمۇرىي دەرىجىسى — خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»، يەنى رەسمىي سىياسىي ئىگىلىك ھوقۇق دەرىجىسى قانۇندا مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونوم رايونغا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈلگەن. ئۇيغۇرىستاننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك، گېئوسىياسىي ئەھۋالى — خىتاينىڭ مۇستەملىكە مەمۇرىي رايونلۇق سىياسىتى پەيدا قىلىۋاتقان ئېغىر تەڭسىزلىك ھەم ھوقۇقسىزلىق مۇھىتى ۋە سەككىز چەتئەل دۆلەتلىرىگە چېگرادىشلىقىدىن كېلىپ چىققان مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.**

قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى.





# شى جىنپىڭنىڭ ۋاقىتلىق دەبدەبىسى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ياپالمايدۇ

ئىھسان سارۇر

# شى جىنپىڭنىڭ ۋاقىتلىق دەبدەبىسى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ياپالمايدۇ

ئىھسان سارۇر
(ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالە)

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بېيجىڭدىكى 20 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى پاپانىڭ مەخپىي يىغىنىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمچە نۇسخىسى دەپ ئويلاڭ. گەرچە بۇ يەردە قىزىل كىيىملىك ئېپىسكوپلارنىڭ يەكتىكى ۋە ۋاتىكان مۇراسىملىرى بولمىسىمۇ، بۇ يەنىلا تۇتۇق ۋە سىرلىق دۇنيادۇر. بۇ دۇنيا چىرايى ئىپادىسىز ئەمەلدارلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ۋە ئۆز مۇرتلىرىنىڭ تىزگىنىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ھەمىشە تەشۋىشلىنىپلا يۈرىدىغان، (ئىچكى قىسىمدا) بېكىتىلگەن ھاكىمىيەتنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن شەكىللەنگەن.

تەھلىلچىلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ قۇرۇلتىيىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى تۇتۇق سىگناللارنى تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ: قايسى كادىرلار مۇھىم ئەمەللەردىن مەھرۇم قىلىنىدى؟ كىم بارچە ھوقۇقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا يۈكسەلدى؟ ھوقۇق رىقابىتىدە كىمنىڭ گۇرۇپپاۋچىلىرى ئۇزۇپ چىقالىدى؟ بۇ قۇرۇلتايدا ئاشكارا كۆرۈنۈشلەر تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، مۇلاھىزىلەر ئۆلۈك ۋە كۆڭۈلسىز. لېكىن، بۇ قۇرۇلتاي بىزگە نوپۇزى ۋە ھوقۇقىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە قىل سىغمايدىغان بۇ ئاپپاراتنىڭ ھېلىھەم ئىچكى قىسمىدىكى سۈركىلىشنى ۋە پىرقىۋازلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن چارە تېپىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلىدۇ.

لېكىن، بۇ يىلقى قۇرۇلتاينىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپى بار. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى ۋە مەركىزى ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، يەنە بەش يىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. گەرچە شى جىنپىڭنىڭ بۇ ئورۇندا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەزىپە مۇددىتىنىڭ ئۇزارتىلىشى مەۋجۇت ئەنئەنىگە خىلاپ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خىتاي رەھبەرلىرى ئىككى قارارلا ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنىدى.

ئۆتكەن ئون يىلدا، شى جىنپىڭ چىرىكلىككە قارشى كەڭ كۆلەملىك تازىلاشنى باھانە قىلىپ، بولغۇسى رەقىبلىرىگە زەربە بەردى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتايدىكى پۇقراۋى جەمئىيەتكە بېرىلگەن

ئەسلىدىنلا تار بوشلۇقنى تېخىمۇ تارايتتى. ئۇنىڭ قاتتىق قول سىياسىتى يېرىم ئاپتونومىيەلىك خوڭكوڭدىكى سىياسىي ئەركىنلىكنى يوقىتىپ، يىراقتىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئەكسى ئۇتوپىيە (dystopian) تورىغا سولىدى. شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىقى يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مىليوندىن ئارتۇق ئادەم جازا لاگېرلىرىغا سولاندى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ، سانسىزلىغان كىشىلەر تاجاۋۇز خاراكتېرلىك، تېخنىكا ئارقىلىق كۆزىتىش دۆلىتىنىڭ تەجرىبە بۇيۇملىرىغا ئايلاندى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا يەككە كىشىلىك مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئوخشاش كۆرۈنۈشى ۋە ھېس قىلىنىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. شى جىنپىڭ كومپارتىيەدىن ئىبارەت بۇ ئاپپاراتتىكى نوپۇزلۇق ئورۇنلارغا ئۆزىنىڭ سادىق گۇپپاڭچىلىرىنى قويدى. «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 281 نەپەر ئەزاسىنىڭ يەتتىسىدىن باشقا ھەممىسىنى شى جىنپىڭ تەيىنلىگەن». ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇلازىمەت ئىنستىتۇتىدىكى جەمئىيەتشۇناس ياڭ جاڭ خىزمەتدىشىم كىرىستيان شەفېردقا: «ئەمدىكى مەسىلە ياشتا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ شى جىنپىڭ بىلەن بىر سەپتە ياكى ئەمەسلىكىڭدە» دېگەن. ئۇنىڭ «ياش مەسىلىسى»دىن كۆزدە تۇتقىنى نەپسى چوڭ پارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ كەسپىي ھاياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان (يەنى ئەمەلدارلار ۋەزىپە ئالماشتۇرىدىغان چاغدا 67 ياش ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولسا مەنسىپىنى ساقلاپ قالالايدىغان ياكى داۋاملىق ئۆسەلەيدىغان، 68 ياشقا كىرىپلا قالغان بولسا ئۆسەلمەيدىغان ۋە پېنسىيەگە چىقىشقا مەجبۇر بولىدىغان، ت) بىرەسمىي پېنسىيە يېشى بەلگىلىمىسى ئىدى.

بۇ ھەپتىدىكى يىغىن شى جىنپىڭنىڭ سىياسى غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كونتروللۇقىنىڭ ۋە كۈچىنىڭ زورلىقى كومپارتىيە رەھبەرلىكى دۆلەت ئىچى-سىرتىدا دۇچ كەلگەن ئېنىقسىزلىقلارنى ھەل قىلىشتا ھېچقانچە كارغا كەلمەيدۇ. نۆۋەتتە خىتاي ئىقتىسادى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاستىلاش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شى جىنپىڭنىڭ تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىغا قاراتقان چەكلىمىلىرى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلىرى بۇنىڭغا قىسمەن سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شى جىنپىڭنىڭ كۆرەڭ مىللەتچىلىكى ۋە بېيجىڭنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى زوراۋان تۇتۇمى خىتاينىڭ يەرشارىۋى ئوبرازىنىمۇ خۇنۈكلەشتۈردى.

شى جىنپىڭنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك ۋەزىپە مۇددىتىدىكى يادرولۇق كۈنتەرتىپلەردىن بىرى تەيۋەن مەسىلىسىدۇر. خىتاي بۇ دېموكراتىك ئارالنى ئۆز تېررىتورىيەسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇنداقلا چوقۇم تۈزىتىلىشى كېرەك بولغان تارىخىي خاتالىق، دەپ قارايدۇ. تەھلىلچىلەرگە كۆرە، ئىلگىرى تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۆز سالاھىيىتىنىڭ يوللۇقلۇقىنىڭ ئاساسى قىلغان شى جىنپىڭ بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغان. تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ ۋۇيۇ مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىمغا مۇنداق دېگەن: «ئۇ بۇنى نوقۇل بىر شوئار دەپ قارىمايدۇ. بۇ چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى كېرەك بولغان ھەرىكەت پىلانىدۇر. ئىلگىرىكى رەھبەرلەر تەيۋەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشان دېيىشەتتى. لېكىن ھازىر ئۇ كۈن تەرتىپىنىڭ ئەڭ بېشىدا.»

شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا، خىتاينىڭ تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى رەت قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە «بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش هوقۇقى»نى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە خىتاينى يەرشارى سىياستىدە «يېڭى تاللاش»قا ۋەكىللىك قىلىدىغان «بۈيۈك زامانىۋى سوتسىيالىستىك دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا توختالدى. بۇ شى جىنپىڭنىڭ هاكىمىيەت دەۋرىنىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىشقا باشلىغان، خىتاي بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى گېئوپولىتىكىلىق ھاڭنىڭ ئىشارىتىدۇر.

ئۇكرائىنا ئۇرۇشى تەيۋەننى چۆرىدىگەن جىددىيلىكلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شى جىنپىڭ رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىددەتلىك پوپوزا ۋە تېخىمۇ ئېغىر ھەربىي تەئەررۇزلار ئارقىلىق تەيۋەنگە بولغان بېسىمنى كۈچەيتتى. ھەربىي ئىشلارغا غايەت زور مەبلەغ سالغان مىللەتچى ھاكىمىيەتنىڭ تېخىمۇ زور ئىشەنچ ۋە كۈچنى ئىپادىلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، شى جىنپىڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇ رايوندا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان، ھىندىستان، ئاۋىستىرالىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىن تەشكىل تاپقان «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتايغا قارشى ئىتتىپاقلارنى تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇردى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش جەھەتتىكى ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلىرىنى سۇغا چىلاشتۇردى.

ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىتاي تەتقىقاتچى ۋۇ گوگۇاڭ «ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» گە مۇنداق دېدى: «دۇنيا ئۇچۇن ئىجابىي ئىش شۇكى، شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ بەردى. بۇ ھاكىمىيەت سىياسىي باستۇرۇش، ئىقتىسادىي تالان ـ تاراج ۋە پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشتىكى <تەۋەككۈلچى> قارا نىيەتنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئەگەر شى جىنپىڭنىڭ ئىككى قارارلىق ۋەزىپە مۇددىتى <دۇنيانى سەگىتىش>كە يەتمىگەن بولسا، مانا ئەمدى ئۈچىنچى قارار باشلاندى.»

شى جىنپىڭغا نىسبەتەن، ئەڭ چوڭ خىرىس يەنىلا دۆلەت ئىچىدىدۇر. بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مۇۋەپپەقىيەت ھېكايىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. شى جىنپىڭ 2012 ـ يىلى تەختكە چىققاندىن بۇيان، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. (بىر ئامېرىكا دوللىرىغا ئامېرىكادا نېمە سېتىۋالغىلى بولىدۇ، خىتايدىچۇ؟ دېگەندەك) سېتىۋېلىش كۈچى تەكشى باھاسى بويىچە ئۆلچىگەندە، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ھازىر ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، 100 مىليونغا يېقىن ئادەم يېڭىدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلغاچقا، شى جىنپىڭ بۇلتۇر خىتاينىڭ نامراتلىقنى «پۈتۈنلەي يەڭگەن»لىكىنى جاكارلىدى.

ھالبۇكى، بۇ شى جىنپىڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھېكايىسى ئەمەس. ياۋرو ـ ئاسىيا گۇرۇھىنىڭ خىتاي ۋە شەرقىي شىمالىي ئاسىيا مەسىلىلىرى جەھەتتىكى ئالىي تەھلىلچىسى نېل توماس CNN غا مۇنداق دېدى: «شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئون يىل جەريانىدا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئاساسلىقى شى

جىنپىڭدىن ئىلگىرىكى خىتاي رەھبەرلىرى قوللانغان، مەبلەغ سېلىش، ياسىمچىلىق ۋە سودا ئارقىلىق تېز كېڭىيىشكە مەركەزلەشكەن ئىقتىسادىي ئەندىزىنىڭ شاراپىتىدۇر. ئەمما بۇ ئەندىزە پايدا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدىغان نۇقتىغا يېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي تەڭسىزلىك، مالىيە قەرزى ۋە مۇھىت بۇزغۇنچىلىقىنى كۈچەيمەكتە.»

شى جىنپىڭنىڭ خىتايىنى ئۆز-ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى قامدىيالايدىغان، چەتئەل مەبلىغىگە بوشراق تايىنىدىغان ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشى تېخىچە مېۋە بەرمىدى ۋە غايەت زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، خىتايدىكى بىر قىسىم چوڭ پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ بازار قىممىتىنىڭ بىر تىرىليون دوللاردىن كۆپرەك خوراپ كەتكەنلىكى شۇنىڭ مىساللىرىدۇر.

خىتاينىڭ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتى بىر مەھەل شى جىنپىڭ تەرىپىدىن خىتاينىڭ تاجىسمان ۋىرۇس ۋابasىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تاجىسمان ۋىرۇسىنىڭ قاتتىق ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان غەرب ئەللىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى دەپ تەرىپلەنگەنىدى. ھالبۇكى، ئەمدىلىكتە شى جىنپىڭ ھېلىھەم نەچچە يۈز مىليون كىشىگە قارىتىلغۇاتقان قامال سىياسىتىنىڭ ۋابالىنى تېتىماقتا. شى جىنپىڭ دەلىل-ئىسپاتلارغا، ئاۋامنىڭ تەشۋىشىگە ۋە خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ھالقىلىق ساھەلىرىگە سېلىنغان زىيانغا قارىماستىن، يەنىلا مۇرەسسەسىزلىك تۇتۇمىدا چىڭ تۇرماقتا. ئۇ ئىلگىرىكى ئاممىۋى ساغلاملىق ئىنكاسىنى مۇستەبىت كۈچنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە ئايلاندۇردى.

خىتاي رەھبەرلىرى يەرلىك ۋاكىسىنىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ گۇمانلىقلىقى ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ تۆۋەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئەگەر قامال بىكار قىلىنسا، ۋىرۇسنىڭ تۈيۇقسىز يامراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئاقىۋەت تولىمۇ قورقۇنچلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جوناسېن چېڭ مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇندىن بۇيان خىتاي ئىقتىسادىنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە ئەگىشىپ ئاستىلايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىلقى (قامال سىياسىتىنى بىكار قىلىش جەھەتتە) يول قويغىلى ئۇنىماسلىقى بۇ خىل ئاستىلاشنى —— نۇرغۇن ئىقتىسادشۇناسلار مەڭگۈلۈك جاراھەت ئىزلىرىنى قالدۇرالايدۇ دەپ قارايدىغان تەرزدە —— تېزلەتتى.»

خىزمەتدىشىم لىلىي كو مۇنداق دەيدۇ: «شى جىنپىڭنىڭ تۇتۇمى ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىستېمالىنى ئاجىزلاشتۇردى —— ھالبۇكى، بۇ خىتاينىڭ ئىستېمالنى تېخىمۇ بەك يېتەكچى قىلغان ئىقتىسادقا ئۆتۈش نىشانىنىڭ ئاچقۇچىدۇر —— ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشلارنىڭ ئىشسىزلىقى ۋە ئۆي مۈلۈك بازىرىنىڭ ناچارلىششى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى سەيشەنبە كۈنى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ 2022-يىللىق ئېشىش مۆلچەرىنى بۇلتۇرقى 8.1 پىرسەنتتىن 3.2 پىرسەنتكە تۆۋەنلەتتى.»

**«بۇ ھەپتە، شى جىنپىڭ قارىماققا ئالىي ھوقۇققا نائىل بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما پارتىيە كادىرلىرىنىڭ خىتاي دۆچ كېلىۋاتقان، كونسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشىشى جەريانىدا، ۋەزىيەت ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. گەرچە ئارقا سەپ تىرىشىشى ۋە سىياسىي خەتەرنىڭ زىيادە كۆچلۈكلۈكى سەۋەبلىك، رەھبەرلىك قاتلىمىدا خىرىس كۆرۈلۈش ياكى سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بەكلا تۆۋەن بولسىمۇ، شى جىنپىڭنىڭ ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمدار سۈپىتىدە تەختكە چىقىشى پەقەت رەقىبلىرىنىڭ ئۇنىڭ كونتېرتىپىگە بوزغۇنچىلىق قىلىش ياكى ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش غەرىزىنى كۆچەيتىۋېتىدۇ، خالاس. ھاكىممۇتلەق ھاكىمىيەت ۋە رەھبەرلەر قارىماققا تولىمۇ مۇستەھكەم كۆرۈنىدۇ. لېكىن (مۆھلىتى توشقاندا) تۇيۇقسىزلا غۇلايدۇ» دەيدۇ ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزىدىكى جيۇد بىلەنشېت.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.washingtonpost.com/world/2022/10/17/china-xi-weakness-power-party-congress/



# كىتاب ئوقۇش بالىلار ئۈچۈن نېمىشقا شۇنچە مۇھىم؟

ئېلي كولىيېر

# كىتاب ئوقۇش بالىلار ئۈچۈن نېمىشقا شۇنچە مۇھىم؟

ئېبلىي كولىيېر

كىتاب ئوقۇش بىزنى ئۆز دۇنيارىمىزدىن باشقىلارنىڭ دۇنياسىغا سەپەر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بىز كىتابلارنىڭ بەتلىرى ئارىسىدا توقۇلما پېرسوناژلارنىڭ هاياتىغا چۆكۈپ، ئۆزىمىزنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق كۆلتۈرلەردىن ۋاقىپلىنالايمىز. بىز يەنە يېڭى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆگىنىپ، تۈرلۈك هېسسىياتلارنى باشتىن كەچۈرەلەيمىز ھەمدە ماھارەت ۋە ئىلىمگە ئېرىشەلەيمىز.

بالىلاردىكى يوشۇرۇن كۈچ تولىمۇ زور بولغاچقا، كىتاب ئوقۇش بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتلار كىتاب ئوقۇشنىڭ بالىلارغا تولىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار كىتاب ئوقۇشنى بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تۆۋەندە بىز بالىلارغا كىتاب ئوقۇتۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۇھىملىقى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى ۋە دەرسخانىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا قوللىنىشقا بولىدىغان بەزى تاكتىكىلارنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

## كىتاب ئوقۇشنىڭ بالىلارغا قانداق پايدىسى بار؟

كىتاب ئوقۇشنىڭ بالىلارغا بولغان پايدىسىنى زىنھار تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. خۇشاللىق ئىلكىدە كىتاب ئوقۇش بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە، ئىجتىمائىي ۋە تونۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا، بەخت تۇيغۇسىغا ۋە روھىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق.

## كىتاب ئوقۇشنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى قايسىلار؟

(ئەنگلىيەدىكى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ چوڭ خەير ـ ساخاۋەت ئورگىنى بولغان) «Booktrust» تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ياكى ھاۋالە قىلىنغان نۇرغۇن تەتقىقاتلاردا كىتاب ئوقۇشنىڭ بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تولىمۇ زور پايدىسى بولىدىغانلىقى بايقالغان. شۇنىڭ ئارىسىدىكى بىر تەتقىقاتتا بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشنىڭ كېيىنكى ئوقۇش ـ يېزىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، چوڭلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي باردى ـ كەلدىنى قولايلاشتۇرۇش ۋە بالىلاردا ئەتراپىدىكى

دۇنياغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا قىلىش جەھەتتىكى تەسىرلىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا يەنە كىتاب ئوقۇشنىڭ قايسى تەرزدە بالىلارنىڭ ھاياتى بويىچە «مۇقىم ئۇچۇر مەنبەسى» بولالايدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن. (ئۇچۇر قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى) بۇ خىل سىجىللىق بالىلارنىڭ تۇراقلىق ھالەتتە تېكىستلەر بىلەن ئۇچرىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ خىرىسقا تولغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم.

كىتاب ئوقۇشنىڭ بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن پايدىلىرى بار. شۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

## بىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ

بىلىش تەرەققىياتى بىزنىڭ ئەقىل، تەپەككۇر، تىل تەرەققىياتى ۋە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە دۇنيامىزنى قانداق تونۇشىمىز ۋە ئويلىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ. سىز بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز دۇنياسى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرى بىلەن تولدۇرالايسىز. ئۇلار بۇ ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغان نەرسىلەرنى چۈشىنەلەيدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە پايدىلىق.

## ھېسداشلىقنى كۈچەيتىدۇ

بىز كىتاب ئوقۇغان چېغىمىزدا، كىتابتىكى ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇيمىز. بۇ بىزنىڭ باشقا پېرسوناژلارنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ھېس قىلىش جەريانىدا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ زادى قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. ئاندىن بالىلار شۇ خىل چۈشەنچە ئاساسىدا، رېئال دۇنيادىمۇ باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بالىلار كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يەنە ھېسسىياتلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ ۋە بۇ ئۇلارنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ، ھەم باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە پايدىلىقتۇر.

## چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ

بىر پارچە كىتاب بىزنى ھەرقانداق يەرگە، جۈملىدىن باشقا بىر شەھەرگە، باشقا بىر دۆلەتكە، ھەتتا باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ بارالايدۇ. بالىلار كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق باشقىچە ئۇسۇلدا چۈشىنىش مۇمكىن

بولمىغان كىشىلەر، جايلار ۋە ۋەقەلەرنى چۈشىنەلەيدۇ. باللار بۇ ئارقىلىق ئۆز ئەتراپىدىكى، ئۆزىنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان دۇنيا ۋە كۈلتۈرلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ.

## تېخىمۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بەرپا قىلىدۇ

ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار قەرەللىك ھالدا باللىرى بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ باللىرى بىلەن بولغان رىشتىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقى شەكسىز. كىتاب ئوقۇش ئاتا ـ ئانىلارغا ھەم ئۆزلىرى، ھەم باللار ئارزۇلايدىغان، قەرەللىك ۋە ئورتاق پائالىيەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ باللارغا ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىك، سۆيۈلۈش ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان بولۇپ، بۇ تۇيغۇلار باللارنىڭ يېتىلىشى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پەرزەنت تەربىيەسىدە، ھېكايىلەرنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

باللار بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش ئۇلاردا ئۆمۈر بويى داۋاملىشىدىغان كىتابخۇمارلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. كۆپلىگەن تەتقىقاتلار خۇشال ـ خۇرام ھالدا كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۇستۇن ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى بايقىغان. شۇنداقلا، بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلەر نوقۇل تىل ساھەسى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باللار بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇشنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى پايدىلىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

## ئەدەبىي ساپانى ئۆستۈرىدۇ

باللىرىڭىز دەۋاتقانلىرىڭىزنى تولۇق ئاڭقىرىيالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئۈنلۈك ئاۋازدا كىتاب ئوقۇسىڭىز، ئۇلار ئۆز ئالدىغا كىتاب ئوقۇشقا باشلىغاندا موھتاج بولىدىغان ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. بۇ باللارغا كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى، كىتابنىڭ داۋامىنى ئوقۇش ئۈچۈن بەتلەرنى ئۆرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ، ئۇلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تىلنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بۆلۈكىنى غىدىقلايدۇ.

## سۆزلۈكنى بېيىتىدۇ

باللار ئۇنلۈك ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، باشقا جايدا ئاڭلاپ باقمىغان بىر قاتار يېڭى سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن ئۇچرىشالايدۇ. باللارغا ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ھەركۈنى يېڭى سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

## زېھننى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرىدۇ

قەرەللىك ۋە سىجىل كىتاب ئوقۇش باللارنىڭ زېھننى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ياخشىلىيالايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ باللارنىڭ جىممىدە ئولتۇرۇپ، سۆزلەرگە ئۇزۇنغىچە قۇلاق سېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بولۇپ، بۇ (يەنى ئۇزۇنغىچە جايىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىش ئىقتىدارى) مەكتەپتىكى ئوقۇش جەريانىدا باللارغا ئەسقاتىدۇ.

## ئىجادچانلىق ۋە تەسەۋۋۇرنى كۈچەيتىدۇ

كىتاب ئوقۇش بىزدىن تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشنى، ئۇلارنىڭ شارائىت ۋە مۇھىتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشنى ھەمدە كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقنى پەرەز قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز باشقا كىشىلەرنى، جايلارنى، ۋەقەلەرنى ۋە دەۋرلەرنى چۈشىنىمىز دېيىدىكەنمىز، چوقۇم تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز لازىم. ئاندىن باللار كەلگۈسىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر ئارقىلىق قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى پىلانلىغاندا، كۈچەيگەن بۇ تەسەۋۋۇر تېخىمۇ كۈچلۈك ئىجادچانلىققا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، بالىغا قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇپ بېرىلسە ۋە ئۇلار ئۆزلىرى قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇسا، ئۇلار ئۇنىڭغا شۇنچە ماھىرلىشىدۇ. بۇ خىل مەشىقنىڭ پايدىسى ھەقىقەتەن بەكلا زور. بالا قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇغانسېرى، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىلمىي ئۇتۇق ۋە ھېسداشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ماھارەتلەر جەھەتتە شۇنچە ۋايىغا يېتەلەيدۇ.

باللارنىڭ كىتاب ئوقۇشىنىڭ ئون چوڭ پايدىسى

يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزگە كۆرە، باللارنىڭ كىتاب ئوقۇشىنىڭ ئون چوڭ پايدىسى تۆۋەندىكىلەردۇر:

كىتاب ئوقۇغان بالىنىڭ سۆزلۈك ئامبىرى تېخىمۇ مول ۋە كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالا ئوقۇشتا تېخىمۇ چوڭ ئۇتۇق قازىنالايدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالا تەسەۋۋۇرغا تېخىمۇ باي كېلىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالىنىڭ ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالا ھېسداشلىق قىلىشنى بىلىدىغان بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالا ئۆز دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالا دىققىتىنى تېخىمۇ بەك مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالا بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئارىسىدىكى رىشتە كۈچىيىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان بالىنىڭ ئىجتىمائىي ماھارىتى ۋە ئۆزئارا تەسىرلىشىش ئىقتىدارى ئاشىدۇ.

## بالىلار بىلەن قايسى تەرزدە كىتاب ئوقۇش كېرەك؟

ئۇنلۇك كىتاب ئوقۇش ھەم ئاتا ـ ئانىلار، ھەم بالىلار ھۇزۇرلىنالايدىغان كۆڭۈللۈك پائالىيەتتۇر. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلار مەنىلىك ھېس قىلىدىغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتە ۋە ئۆيدە دائىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك بولغان پائالىيەتتۇر.

## ئاتا ـ ئانىلار قايسى تەرزدە بالىلىرى بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇيالايدۇ؟

ئەگەر سىز ئۆيدە بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇسىڭىز، ئۇلارنىڭ سىنىپتا ئۆگەنگەنلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنى سىنىپتا ئېرىشكىلى بولمايدىغان يەكمۇيەك قوللاش بىلەن تەمىنلىگەن بولىسىز. ئۇتتۇقلۇق ۋە ئۈنۈملۈك «كىتاب ئوقۇش مەجلىسى» تۈزۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ:

## بالا كىچىك چېغىدىن باشلاڭ

بالا بوۋاق چاغلىرىدىمۇ رەسىملەرگە قارىيالايدۇ ۋە ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىيالايدۇ. بالىڭىزغا ئۈنلۈك كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ ۋە كىتابتىكى رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، جىسىملارنىڭ ئىسىملىرىنى دەپ بېرىڭ. بۇ بالىڭىزنى رېئال دۇنيادىكى ئوبيېكتلارنى ۋە تىلنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئۇچۇر مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بالىڭىز ئۆزى كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈنلۈك كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز كېرەك.

## ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇڭ

ھەر كۈنى بالىڭىزغا ئۈنلۈك ئاۋازدا كىتاب ئوقۇپ بېرىشكە تىرىشىڭ ۋە بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇڭ. بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ۋە بالىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈڭ، تاكى بۇ چىش چوتكىلاشقا ئوخشاش

ئۆزگەرمەس ئادەتكە ئايلانغاي. ئالمادىس بىرەر كۈن داۋاملاشتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، بوششىپ كەتمەي، ۋاقىت يار بەرگەن هامان بۇ ئادەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇڭ.

## كۆپ خىللىققا ئەهمىيەت بېرىڭ

بالىڭىزغا ئىمكانقەدەر خىلمۇخىل كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىشكە تىرىشىڭ. بۇ ئۇلارنى رەڭگارەڭ دۇنيالارنى، كۈلتۈرلەرنى ۋە پېرسوناژلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرنى بېيىتىدۇ ۋە جانلاندۇرىدۇ.

## سەبىرچان بولۇڭ

بىز گاهىدا شۇ ياشتىكى بالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ شۇ ياشتىكى هالىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز. بىز چوڭلار كىتاب ئوقۇشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارايمىز. هالبۇكى، ئەگەر بىز بالىلارنىڭ تېخىچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتساق، ئۇلارغا قارىتا تېخىمۇ سەبىرچان بولالايمىز. مەسىلەن، ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ئوقۇغان بەتتىكى خەتلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ قويمىسىڭىز، بالا خەتنىڭ ئوڭدىن سولغا ئوقۇلىدىغانلىقىنى، بەتتىكى ئىجىر-مىجىر خەتلەرنىڭ سۆزلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ ئەگەر ئۇلار ئاڭقىرالمىسا، ۋاقىت ئاجرىتىپ، سەبىرچانلىق بىلەن ئۆگىتىڭ.

## سىجىل مۇزاكىرە قىلىشىڭ

بالىڭىزغا بىرەر هېكايىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، بالىڭىز بىلەن شۇ هەقتە مۇزاكىرىلىشىڭ. بالىنىڭ يېشىغا ماس هالدا بايىقى هېكايىدە نېمىلەر سۆزلەنگەنلىكىنى سورىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇ هېكايىنى ياقتۇردۇڭمۇ؟»، «هېكايىدىكى ئادەملەردىن قايسىنى ئەڭ ياقتۇردۇڭ؟» ياكى «سەنچە شاهزادە ئاخىرىدا نېمىشقا خۇشال بولۇپ كەتتى؟» دېگەندەك. لېكىن، ئوقۇغانلىكى هېكايە ئۈچۈن مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراشنى زۆرۈر دەپ ئويلىۋالماڭ. بالىڭىز ئوقۇلغان كىتابنى ياقتۇرغانلا بولسا، بۇنداق سوئال سورالمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كىتاب ئوقۇشقا هېرىسمەن بولىدۇ.

## ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قانداق رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ؟

ئەگەر سىز ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز، ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، سىنىپىڭىزدا مەكتەپتىلا كىتاب ئوقۇيالايدىغان، ئۆيىدە كىتاب ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوق بالىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن،

سىز ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا بالىلىرى بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەشكە تىرىشىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

## قىسقا خەۋەر ئىشلەپ تارقىتىڭ

سىز سىنىپىڭىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى كىتابلارنى، نېمىشقا ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ئىككى ھەپتىلىك ياكى ئايلىق قىسقا خەۋەر ئىشلىسىڭىز، ئاندىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيدە تاللانغان تېمىلاردىكى كىتابلارنى بالىلىرىغا ئوقۇپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، سىز سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي فانتازىيەلىك رومان ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ئاتا ـ ئانىلارغا ئۆيدە ئوقۇشقا ماس كېلىدىغان باشقا ئىلمىي فانتازىيەلىك ئەسەرلەرنى تەۋسىيە قىلسىڭىز بولىدۇ.

## كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى قۇرۇڭ

ئەگەر ۋاقتىڭىز يار بەرسە سىنىپىڭىزدا ياكى مەكتەپ مىقياسىدا كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى قۇرۇپ، شۇنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ھەپتىدە ياكى ئايدا، ئۆيدە بىر پارچە كىتاب تۈگىتىشنى تەۋسىيە قىلسىڭىز؛ ئاندىن ئۇلار بىلەن قەرەللىك ھالدا يىغىلىپ، كىتابنى قانچىلىك چۈشەنگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرسىڭىز بولىدۇ.

## بالىلارنى قاتناشتۇرۇڭ

ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا كىتاب ئوقۇشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە قىزىقارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭ. سىنىپىڭىزدىكىلەرنى باشقىلارنى كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان تام ئېلانلىرى ئىشلەشكە ياكى ھەممەيلەن ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىتابلارنىڭ ئىسمىنى ۋە ياقتۇرۇش سەۋەبىنى يازىدىغان كىچىك كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇشقا بۇيرۇڭ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ كىتابخۇمارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆيدە كىتاب ئوقۇشنى خالايدىغان قىلالايدۇ.

## ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇڭ

ئۆزىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدىغانلىقىڭىزنى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا بىلدۈرۈڭ. ئۇلارغا ئۆزىڭىز يېقىندا ئوقۇغان ياكى ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتابلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىڭ. سىز يەنە ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرغاندا، ئۆزىڭىز بىر چەتتە كىتاب ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىستىكىنى كۈچەيتىدۇ. ئاخىرىدا، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلىشىپ، ئۇلاردىن ئائىلىدىمۇ شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىڭ.

**كىتاب ئوقۇش كۆچلۈك، قانائەتلىنەرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك پائالىيەتتۇر. كىتاب ھۇزۇر ۋە دوست بولۇپلا قالماي، باللارغا ئۆزىنى، دۇنياسىنى ۋە شۇ دۇنيادىكى كۈلتۈرلەرنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە خىزمەت قىلالايدۇ. باللار بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇشنىڭ تولىمۇ كۆپ پايدىلىرى بار.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.highspeedtraining.co.uk/hub/why-is-reading-important-for-children/



# يېقىنقى ئاتمىش يىل مابەينىدە مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر

## يېقىنقى ئاتمىش يىل مابەينىدە مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر

مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە نىسبەتەن «مۇستەقىللىق» گاھىدا تولىمۇ يىراق، ئىمكانىسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، تارىخ بەزەن بىر كېچىدىلا، بەزەن ئۇزۇن يىللىق سىياسىي ياكى قوراللىق كۆرەشلەر نەتىجىسىدە مەزلۇملارنىڭ ئاسمىدىنىمۇ ئىستىقلال يۇلتۇزىنىڭ چاقنايدىغانلىقىنى تەكرار ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. بىز تۆۋەندە ئۆتكەن يەتمىش يىل مابەينىدە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن دۆلەتلەرنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

1. سىپرۇس: 1878-يىلى ئەنگلىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بۇ دۆلەت 1959-يىلى 2-ئايدا ئەنگلىيە، گرېتسىيە ۋە تۈركىيە ئۈچ دۆلەت ئارىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ تۈرتكىسىدە، 1960-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

2. كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى: 1885-يىلى بېلگىيە تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان، 1905-يىلى «بېلگىيەگە قاراشلىق كونگو» دەپ ئاتالغان، 1960-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى مىللەتپەرۋەرلەرنىڭ سايىلامدا ئۇتۇپ چىقىشى نەتىجىسىدە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

3~11. توگو؛ ماداغاسقار؛ بېنىن؛ نىگېر؛ بۇركىنا فاسو؛ كوتى دى ئىۋۇئېر؛ چاد؛ ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى؛ مالى: ھەممىسى ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان بۇ دۆلەتلەر ئەسلىدە بىردەك ھالدا فرانسىيەگە قاراشلىق بولۇپ، 1960-يىلى 4-ئايدىن 9-ئايغىچە ئالدى-كەينى بەش ئاي ئىچىدە ئاساسەن تىنىچ رەۋىشتە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

12~14. نىگېرىيە؛ سېررالېئون؛ تانزانىيە: ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان، ئەسلىدە ئەنگلىيەگە قاراشلىق بولغان بۇ ئۈچ دۆلەت 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1961-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

15. كۇۋەيت: 1913-يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى ئارىسىدا ئىمزالانغان «پارىس قولتۇقى كېلىشىمى» ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن ۋە 1961-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى تىنىچ رەۋىشتە مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

16. ساموئا: تىنچ ئوكيانىنىڭ جەنۇبىغا، يېڭى زېلاندىيەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئەسلىدە يېڭى زېلاندىيەنىڭ ۋەسىيلىكىدە بولغان بۇ دۆلەت 1962-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

17~18. بۇرۇندى؛ رۋاندا: ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان، ئەسلىدە بېلگىيەنىڭ ۋەسىيلىكىدە بولغان بۇرۇندى بىلەن رۋاندا ئوخشاشلا 1962-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلىغان. بۇرۇندى نىسبەتەن تىنچ رەۋىشتە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن بولسا، رۋاندا بىر قانچە يىللىق مىللەتلەرئارا ئىچكى توقۇنۇشتىن كېيىن مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

19. ئالجىرىيە: ئەسلىدە فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بۇ دۆلەت 1954-يىلىدىن باشلاپ فرانسىيەگە قارشى سەككىز يىل جەسۇرانە ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئىككى دۆلەتتىن تۆت كۈن كېيىن، يەنى 1962-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

20~21. يامايكا؛ ترىنىداد ۋە توباگو: كارىب دېڭىزى رايونىغا جايلاشقان بۇ ئىككى دۆلەت 1962-يىلى 8-ئايدا ئەنگلىيەدىن ئايرىلىپ، تىنچ رەۋىشتە مۇستەقىل بولغان.

22. كېنىيە: 1890-يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان بۇ دۆلەت 1956-يىلىدىن باشلانغان مۇستەملىكىگە قارشى قوراللىق كۈرەشلەرنىڭ نەتىجىسىدە، 1963-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

23~24. مالاۋى؛ زامبىيە: ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ھەمدە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان بۇ ئىككى دۆلەت 1964-يىلى (مالاۋى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى؛ زامبىيە 10-ئاينىڭ 24-كۈنى) ئالدى-كەينى بولۇپ مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

25. مالتا: ياۋروپانىڭ جەنۇبىغا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، 1800-يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان بۇ دۆلەت 1964-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

26. سىنگاپور: پۈتۈن دۇنيادا داڭقى بار بۇ شەھەر دۆلىتى 1819-يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلگەن. 1942-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە ئۈچ يېرىم يىل ياپونىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن يەنە ئەنگلىيەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. 1959-يىلى «بېقىندى ئەل»لىك (Dependent Territory) سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان. 1963-يىلى مۇستەقىل شەھەر دۆلىتى سۈپىتىدە مالايسىياغا قوشۇلۇپ، «سىنگاپور شىتاتى» دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى، 1965-يىلى 8-ئاينىڭ 9-كۈنى مالايسىيا پارلامېنتى 126 ئاۋازنىڭ ماقۇللىشى، ھېچكىمنىڭ ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى نەتىجىسىدە، سىنگاپورنى مالايسىيا فېدېراتسىيەسىدىن قوغلاپ چىقىرىش قارارىنى ماقۇللىغان. ئەتىسى سىنگاپوردا مۇستەقىل سىنگاپور جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قۇرۇلغان.

27. گامبىيە: 19-ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلگەن بۇ دۆلەت 1965-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى تىنچ رەۋىشتە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

28. مالدىۋې: بۇ دۆلەتمۇ 1965-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى ئەنگلىيەنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

29. گۋئانا: جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بۇ دۆلەت 1966 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مۇستەقىل بولغان.

30~31. بوتسۋانا؛ لېسوتو: ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان ۋە ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بۇ ئىككى دۆلەت 1966 ـ يىلى ئالدى ـ كەينى بەش كۈن ئىچىدە (بوتسۋانا 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى؛ لېسوتو 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

32. بارbادوس: كارىب دېڭىزى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ تۇتاشقان نۇقتىسىغا جايلاشقان بارbادوس 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان بولۇپ، 1966 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تىنچ رەۋىشتە مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

33. يەمەن: بۇ دۆلەت 1918 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، تاكى 1967 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغان ۋە شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رەسمىي مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

34~35. ماۋرىتىئۇس؛ سۋازىلاند: ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان ۋە ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بۇ ئىككى دۆلەت 1968 ـ يىلى (ماۋرىتىئۇس 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى؛ سۋازىلاند 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

36. فىجى: تىنچ ئوكيانىنىڭ جەنۇبىغا، يېڭى زېلاندىيەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بۇ دۆلەت 1970 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

37~38. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى؛ بەھرەيىن: ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان ۋە ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ ۋەسىيلىكىدە بولغان بۇ ئىككى دۆلەت 1971 ـ يىلى ئالدى ـ كەينى ئىككى ھەپتە ئىچىدە (ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى؛ بەھرەيىن 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

39. باھاما: كۇبانىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ تاقىم ئاراللار دۆلىتى 1973 ـ يىلى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

40. گرېنادا: جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ (ئارىلىقتا يۈز يىل فرانسىيەنىڭ) مۇستەملىكىسى بولغان بۇ دۆلەت 1974 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

41. پاپۇئا يېڭى گۋىنىيىسى: ئاۋستىرالىيەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ ئارال دۆلىتى 1975 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاۋستىرالىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

42. سۇرىنام: جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت بىر قانچە يىللىق سۆھبەت نەتىجىسىدە، 1975 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گوللاندىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

43~46. موزامبىك؛ يېشىل تۇمشۇق؛ سان تومې ۋە پرىنسىپى؛ ئانگولا: ئافرىقا قىتئەسىگە جايلاشقان ۋە ئەسلىدە پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان بۇ تۆت دۆلەت 1975 ـ يىلى (6 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە) مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

47. سېيشېل: ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، 1810 ـ يىلى ئەنگلىيە تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان بۇ ئارال دۆلەت 1976 ـ كۈنى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

48. سەھرا ئەرەب دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى: 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان، ئىسپانىيە ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن ئافرىقادىكى ئىككى دۆلەت تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنغان بۇ دۆلەت ئالجىرىيەنىڭ قوللىشى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشى نەتىجىسىدە 1976 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مۇستەقىل بولغان.

49. جىبۇتى: ئافرىقانىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت 1977 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

50. سولومون تاقىم ئاراللىرى: ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بۇ دۆلەت 1978 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

51. دومىنىكا: جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ ئارال دۆلىتى 1978 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

52. زىمبابۋې: ئافرىقا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ دۆلەت 1980 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

53. ۋانۇئاتۇ: تىنچ ئوكيانىنىڭ جەنۇبىغا، ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بۇ ئارال دۆلىتى ئەسلىدە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ ئورتاق مۇستەملىكىسى بولۇپ، 1980 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

54. بېلىز: ئوتتۇرا ئامېرىكادىكى بۇ ئارال دۆلىتى 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

55. ئانتىگۇئا ۋە باربۇدا: ئوتتۇرا ئامېرىكادىكى بۇ ئارال دۆلىتى 1981 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

56. سايىنت كىتىس ۋە نېۋىس: ئوتتۇرا ئامېرىكاغا جايلاشقان بۇ دۆلەت 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

57. برۇنېي: شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بورنېئو ئارىلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ ئارال دۆلىتى 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان.

58~61. سلوۋېنىيە؛ شىمالىي ماكېدونىيە؛ كرودىيە؛ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا: ئەسلىدىكى يۇگوسلاۋىيەنىڭ تەركىبىدە بولغان بۇ تۆت دۆلەت 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان توققۇز ئاي ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

62~75: تۆۋەندىكى 14 دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پارچىلىنىپ مۇستەقىل بولغان:

لىتۋا: 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى؛

لاتۋىيە: 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى؛

گرۇزىيە: 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى؛

ئېستونىيە: 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى؛

ئۇكرائىنا: 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى؛

بېلارۇسىيە: 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى؛

مولدوۋا: (1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى؛

قىرغىزىستان: 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى؛

ئۆزبېكىستان: 1991 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى؛

تاجىكىستان: 1991 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى؛

ئەرمېنىيە: 1991 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى؛

ئەزەربەيجان: 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى؛

تۈركمەنىستان: 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى؛

قازاقىستان: 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى؛

76. ئېرىترىيە: ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بۇ دۆلەت 1960 ـ يىلى باشلانغان قوراللىق مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىنىڭ نەتىجىسىدە، 1993 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي خەلق رېفېراندۇمىدىن كېيىن ئېفىئوپىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

77. شەرقىي تىمور: شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا جايلاشقان بۇ دۆلەت ئەسلىدە پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، پورتۇگالىيە 1974 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، شەرقىي تىمور 1975 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پورتۇگالىيەدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان. لېكىن، ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھىندونېزىيە بۇ دۆلەتنى بېسىۋالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇستەقىللىق ئۈچۈن يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق قوراللىق كۈرەش قىلغان شەرقىي تېمور خەلقى 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھىندونېزىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغان.

78. قارا تاغ: 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سېربىيە ۋە قارا تاغ دۆلەتلەر بىرلەشمىسى (ئەسلىدىكى يۇگوسلاۋىيە)دىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغان.

79. كوسوۋو: سېربىيەگە قارشى ئۇزۇن يىللىق قوراللىق ۋە قورالسىز كۈرەشلەر نەتىجىسىدە، 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

80. جەنۇبىي سۇدان: كۆپ قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن، 2011 ـ يىلدىكى ئومۇمىي خەلق رېفېراندۇمىنىڭ نەتىجىسىدە، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سۇداندىن بۆلۈنۈپ مۇستەقىل بولغان.

81. بېنگال: 1947 ـ يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلغاندا، بېنگال شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، غەربىي بېنگال ھىندىستانغا، شەرقىي بېنگال پاكىستانغا تەۋە قىلىنغان. كېيىن، شەرقىي بېنگال «شەرقىي پاكىستان» دەپ ئاتالغان. ئەمما، 1970 ـ يىلدىكى سايلامدا بېنگاللىقلار ئۇتۇپ چىققان بولسىمۇ، پاكىستانلىقلار سايلام نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىغاچقا، ئارىدىكى زىددىيەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە پاكىستانغا قارشى قوراللىق مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى 1972 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى غەلىبىگە ئېرىشكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# تەيۋەن ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يېپىش ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن

جۇلىيان سپېنسېر چېرچىل

# تەيۋەن ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يېپىش ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن

جۇلىيان سىپېنسىر چېرچىل

(تەيبېي ۋاقىت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالە)

**شۇنىسى ئاجايىپكى، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا تەيۋەن توغرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرسە، ئەڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدىغىنى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بولۇشى مۇمكىن. (خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا كۆرە) ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 مىليون نوپۇسنىڭ 45 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ يولغا قويغان بىر سىياسەتكە بىنائەن، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر جازا لاگېرلىرىغا قامالدى. بۇنىڭدىن سىرت، 500 مىڭ بالا دۆلەت قارمىقىدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ئۇرۇنۇشلىرى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 24 پىرسەنتتىن ئاتمىش پىرسەنتكىچە تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئەمەلدارلار مەزكۇر كەڭ كۆلەملىك تۈتۈپ تۇرۇشنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ سۈپەتلىدى.**

**ئىگىلىنىشچە، لاگېرلاردىكى يىللىق ئۆلۈش نىسبىتى بەش پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتكىچە بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 44 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ پات ئارىدا ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.**

**دۆلەتلەر ھەمىشە ئۇرۇش جەريانىدا جەمئىيەتنى ھەربىيلەشتۈرۈش ۋە خەۋپسىزلەشتۈرۈش باھانىسىدە، كەڭ كۆلەمدە ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. خىتاي تەيۋەن توقۇنۇشىدىن پۇرسەت سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى «تىنجىماس» يەرلىك مىللەت (يەنى ئۇيغۇر)نىڭ نوپۇسىنى مەڭگۈلۈك ئازايتىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن.**

**گېرمانىيە رەھبەرلىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا دۆلەت ئۇرۇشىغا سەپەرۋەرلىك قىلىشتىكى سانائەت قوراللىرىنى ئىشلىتىپ مىليونلىغان يەھۇدىي، پولەك، رۇس ۋە رومانلارنى ئۆلتۈرگەندى. يەنە شۇ توقۇنۇشتا، ئۇرۇش دەۋرىدىكى كىرودىيە رەھبەرلىرى نەچچە يۈز مىڭ سېربنى نىشانلىغانىدى.**

**كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىقلار توغرىسىدىكى ئەڭ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈشنى دارتماۋس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بېنيامىن ۋالېنتىنو (Benjamin Valentino) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ،**

ئۇنىڭغا كۆرە: ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خىل ھادىسە (ئومۇمىيۈزلۈك) ئۆچمەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرلاش ئورگانلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان كىچىك ئىدىئولوگىيە گۇرۇھلىرىدىن مەنبەلىنىدۇ. بۇ گۇرۇھلار تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋالدا كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق قىلىدۇ: (1) جەمئىيەتنى كوممۇنىستىك تەرزدە قايتا قۇرۇشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە؛ (2) قوزغىلاڭغا قارشى تېررورلۇق ھەرىكىتى (يەنى خەلقنى قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قورقۇتۇش ئۇرۇنۇشى، ت) سۈپىتىدە؛ ۋە (3) ئاز سانلىقلارنى سۈرگۈن قىلىش مۇمكىن بولمىغاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق.

گەرچە ختايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەمسىتكەنلىكى توغرىسىدا راۋۇرۇس كۆپلىگەن پاكىتلار بار بولسىمۇ، لېكىن ختايلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك نەپرەت مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا دەلىل يوق.

جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئالېكساندىر داۋنىسمۇ (Alexander Downes) مەغلۇبىيەت ياكى قولغا كەلمىگەن غەلىبىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىستراتېگىيەسى تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەرمەن ئاز سانلىقلىرىنىڭ رۇسىيە، فرانسىيە قاتارلىق رەقىب خىرىستىيان كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىشىغا بولغان ئەندىشىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۆلچەردىن بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ختاي تەيۋەننى ئىشغال قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى مەغلۇپ بولسا، ختاينىڭ (ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بولغان) بۇ خىل مايىللىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن.

بروۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئۆمەر بارتوۋ (Omar Bartov) 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا، گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ پۇقرالارغا قىلغان زوراۋانلىقى توغرىسىدىكى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بايانىدا، كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىقنى ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدە ۋەھشىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىغان. بارتوۋنىڭ قارىشىچە، ھاكىممۇتلەق تەشۋىقاتلار كىشىلەرنى ناھايىتى تېز ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئاشقۇن زوراۋانلىققا مۇپتىلا قىلالايدىكەن. شى جىنپىڭ ۋە ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ختاينى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە نىسبەتەن ئالقىشقا سازاۋەر ئىكەنلىكى خەلقنى ئاسانلا ئۇنىڭ مىللەتچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىتىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەسەبىيلىك ئىلكىدە ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلسا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا قوللانغىلى بولىدىغان ياخشى تەدبىرلەر تولىمۇ ئاز، جازا لاگېرلىرىنى بومباردىمان قىلىش شۇلاردىن بىرىدۇر. (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى) ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بومباردىمان ھەرىكىتىدە نېمە ئۈچۈن گېرمانىيەنىڭ قەتلىئام لاگېرلىرىغا زەربە بېرىلمىگەنلىكى ھېلىھەم كۈچلۈك تالاش ـ تارتىش قىلىنماقتا. بەزىلەر بۇنى غەربنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ قىسمىتىگە پىسەنت قىلمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دېسە، يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا چەكلىك ھاۋا ئارمىيەسى بايلىقلىرىنى يۆتكەشكە بولغان قارشىلىق سەۋەب بولغان، دەپ قارايدۇ. مۇقىم جازا لاگېرلىرى بومباردىمان قىلىنغان تەقدىردە، ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارنى

باشقىچە ئۇسۇلدا كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىشنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كىچىكلىتۈرگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. يەنە كېلىپ، (جازا لاگېرى ئىمارەت تۈركۈمىدىكى) قايسى ئىمارەتكە ھۇجۇم قىلىش كېرەك؟ ساقچىلارنىڭ گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىنغان تەقدىردە، بۇ كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلىشنى تېزلىتىۋېتەمدۇ، يوق؟

خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى ۋە ئۇنىڭ يېرىم ھەربىيچە قوراللىق خەلق ساقچىلىرى 2015 ـ يىلى تىبەتتىكى زوراۋان باستۇرۇشتا ئۇنۇملۇك قوراللىق رولىنى ئوينىغان بولۇپ، قوراللىق خەلق ساقچىلىرى بىر ۋەقەدىلا 100 نامايىشچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 380 جازا لاگېرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئۇرۇمچىنىڭ داۋانچىڭ رايونىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭمۇ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان، كۆلىمى 89 گېكتار كېلىدىغان بۇ يەرگە كەم دېگەندە ئون مىڭ مەھبۇس سولانغان. بۇ يەر ھىندىستاندىكى يېڭى دېھلى شەھرىنىڭ سىرتىدىكى ھىندون ھاۋا ئارمىيە بازىسىنىڭ 1900 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ (مەزكۇر تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا بېرىش ئۈچۈن) رۇسىيەنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆچۈپ ئۆتۈشكە ھاجەت قالمايدىغان، ئەڭ يېقىن ئاساسلىق ھاۋا ئارمىيە بازىسىدۇر.

گەرچە خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە توسقۇچى ئايروپىلانلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئامېرىكانىڭ ئەنئەنىۋى بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ھىندىستاندىن ئۇچماقچى بولسا، نىشانغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاسانلا زەربىگە ئۇچرايدىغان ماي قاچىلىغۇچى ئايروپىلانلارغا تايانمىسا بولمايدۇ.

يەنە بىر چارە ئادەتتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ـــ ئۇلار ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتەلەيدۇ دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردە ـــ ئىشلىتىشتۇر. گەرچە AGM ـ 158B JASSM ـ ER نىڭ ئېتىش مۇساپىسى بۇنىڭغا يېتىدىغان بولسىمۇ، ئەمما يىل ئاخىرىغىچە بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن تەخمىنەن 220 سىلا قولغا كىرىدۇ ياكى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. تەيۋەنگە ئالاقىدار ئۇرۇش بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى بىر ھەپتە ئىچىدىلا تۈگىتىۋېتەلەيدۇ.

يەنە بىر تاللاش بولسا ئوكناۋادىكى 1 ـ ئالاھىدە قىسىمنىڭ 1 ـ باتالىيونىدىن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى يەرلىك خەلقنى دۈشمەن ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش جەھەتتە مەشقلەندۈرۈشتۇر. بۇ «غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

پاكىستاننىڭ 1980 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مىسكىتو ئىندىيانلىرىنىڭ نىكاراگۇئادىكى (كوممۇنىست) ساندىنىستاسلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قوللىغانلىقىدىن باشقا، ئالاھىدە قىسىملارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشنى مەقسەت قىلغان مۇداخىلىلىرى توغرىسىدىكى مىساللار يوقنىڭ ئورنىدا. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، 1979 ـ يىلى «قىزىل كخمېرلار» (يەنى كامبودژا كوممۇنىستلىرى) ۋېيتنام

ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بۇلارنى (يەنى مۇشۇ كوممۇنىستلارنى) قوللاشقا باشلىغان. ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئورگان سىرتىدا خىزمەت قىلىدىغان ئالاھىدە خادىمى 1994 ـ يىلىدىكى رۋاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى مۆلچەرلىگەن. ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋاكالەتچىسى ئالاھىدە خادىمى گېزا كاتونا (Geza Katona) 1956 ـ يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋېنگرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنى قورال بىلەن تەمىنلەشنى ئويلاشقان، لېكىن بۇنداق قىلمىش موسكۋا تەرىپىدىن پەۋقۇلئاددە ئىغۋاگەرچىلىك دەپ قارىلاتتى. ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى 1959 ـ يىلى خىتاينىڭ تىبەتتىكى ئىشغالىيىتىگە قارشى خامبا قوزغىلىڭىنى قوللىدى. بۇنىڭغا ھىندىستان ئىستىخبارات تارماقلىرىنىڭمۇ ھەمدەمدە بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كولورادو شتاتىدا ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەنلىكى 1962 ـ يىلىدىكى خىتاي ـ ھىندىستان ئۇرۇشىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان ئامىللاردىن بىرىدۇر.

ئامېرىكا ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلماقچى بولسا، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى» بىلەن ھەمكارلىششى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ تەشكىلاتنىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ «ئەلقائىدە»گە ئوخشاش تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار.

ھالبۇكى، ھېچقانداق پاناھگاھ يوق ئەھۋالدا، يادرو قورالىغا ئىگە رەقىبىنىڭ قاتتىق نازارەت ئاستىدىكى زېمىنىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

قېپقالغان چارە ـــ گەرچە بۇنىڭ چۈچۈتۈش كۈچى تولىمۇ ئاجىز بولسىمۇ ـــ خىتاينى ئاگاھلاندۇرۇش ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئالاقىسى بار كىشىلەرنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىشتۇر. ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار يىللاردىن بېرى بۇ خۇسۇستا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. خەلقنىڭ رۇسىيە ئۇكرائىنادا سادىر قىلغان ئۇرۇش جىنايىتىگە قايتۇرغان ئىنكاسى بۇ خىل زۆرۈرىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى مۇمكىن. لېكىن، خىتاي تەيۋەندە مەغلۇپ بولۇش بىلەنلا يىمىرىلىشى ناتايىن، شۇ ۋەجىدىن ئادالەتنىڭ ياقىلىنىشىدىنمۇ ھېچقانچە ئۈمىد يوق. دەرۋەقە، فالۇن گۇمپىسى مۇرىتلىرىنىڭ تىرىك تۇرغۇزۇلۇپلا ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئېلىۋېلىنغانلىقى ئەزەلدىن ئەرز قىلىنىپ باقمىدى.

غەربتىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئەڭ كەمدە بۇ خىل ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

تۈركچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.taipeitimes.com/News/editorials/archives/2022/09/25/2003785876



# قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە دۆلەتنىڭ ئاقىۋىتى

سەرھات دوغان

# قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە دۆلەتنىڭ ئاقىۋىتى

سەرھات دوغان

## خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى تۇتۇمى

خىتايدا قۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەتلىرى ئوخشاش ئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىنغاندى. خىتاي سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويغاندىن ئېتىبارەن، تاشقى سىياسىتىنى ئەنە شۇ ئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلدى ۋە بۇ سىياسەتتىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىدى. شەرقىي تۈركىستانغا قارىتامۇ مۇشۇ خىل تۇتۇم داۋاملاشقان بولۇپ، خىتاي بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قاراپ، ئىزچىل ھالدا ئۇنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇ دۆلەتتە (يەنى شەرقىي تۈركىستاندا) ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ياكى تارىخىي باغلىنىشلار تامامەن نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ھالدا، پېكىن سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، بۇ يەرنىڭ «ئەزەل تارتىپ خىتاي زېمىنى» ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى.

خىتايدا قۇرۇلغان سىياسىي قۇرۇلمىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى شەرق دۇنياسىنىڭ قۇياشى دەپ قارايتتى. خىتاي تارىخچىلىرى دۇنيانى شەرق دەرياسى ۋە غەرب دەرياسى دەپ ئىككىگە ئايرىيتتى. (ئۇلارنىڭ سەپسەتىسىگە كۆرە) خىتاي «شەرق دەرياسى» دەپ ئاتالغان پۈتكۈل ئاسىيا رايونىنىڭ قۇياشى، يەنى ھۆكۈمران كۈچى ۋە بىردىنبىر ھۆكۈمدارى ئىدى. مۇشۇ خىل (زىيادە بىمەنە) قاراش سەۋەبلىك، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان خىتاي خانلىقلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە بۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سېلىشقانىدى. بۇ قاراش خىتاينىڭ پىندىدىكىلا تۈركلەر ياشايدىغان تۈركىستان رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇ ۋەجىدىن، خىتايلارنىڭ ئۆز پىندىدىلا بىر تۈرك دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىشىنى كۈتكىلى بولمايتتى. تارىخ بويىچە، تۈركىستاندا شۇنچىكى سىياسىي زەئىپلىك كۆرۈلگەن ھامان، خىتايلارنىڭ بۇ يەرگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. لېكىن، تۈركلەر سىياسىي جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بۇنىڭغا ئانچە كۆپ پۇرسەت بولمىغانىدى. تۈرك خانلىقلىرى كۈچەيگەن مەزگىللەردىمۇ «ئاۋۋال پارچىلا، ئاندىن ئىگىلە» دېگەن

سىياستىنى يۈرگۈزگەن خىتاي پۇرسەت تاپسىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز زېمىنى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى. تىبەتتىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئىشغالىيەت ئاستىدىكى تىبەت زېمىنلىرىدا يۈز بەرگەن ھەرقېتىملىق ئىسيانىنى ئۆز زېمىنىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ دەپ قارىدى. شۇنىڭدەك، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارنىمۇ «خىتاي ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى» دەپ قارىدى. (57)

ياقۇپبەگ قۇرغان قەشقەر خانلىقىنى رۇسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بۇ ھالەتنى ھېچقاچان ئېتىراپ قىلمىغان ۋە بۇ دۆلەتنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھاكىمىيىتى دەپ قارىغانىدى. خىتاينىڭ بۇ رايوننى ئىشغال قىلىش پىلانى رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ يەردىكى سىياسەتلىرى سەۋەبلىك بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇلغانىدى. بۇ رايوندىكى تۇنجى قېتىملىق زور كۆلەملىك ئىشغال 1759 ـ يىلى، يەنى مانجۇلار (تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى) قالماقلارغا قارشى يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ بېسىۋېلىنىشى بىلەن نەتىجىلەندى. 1760 ـ يىلى قوقەند خانلىقى مانجۇلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان چىڭ سۇلالىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشتى (58).

خىتاينى مەركەز قىلغان ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مانجۇ خانلىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈشكە بۇنچە كۈچىشىنى نوقۇل ھالدا «ئۆزمەركەزچىلىك» دەپلا ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. مەۋجۇت مەنبەلەر ھەققىدە ئىزدەنگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى سىياسەتلىرىنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسىي نۇقتىسى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز: بىرىنچىسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدىكى (پامىر ئېگىزلىكىگە ئوخشاش) ئۆزلىرى تەبىئىي پاسىل دەپ قارىغان لىنىيەنى تىزگىنلەش؛ ئىككىنچىسى، پۈتكۈل رايوننى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالاش ئۈچۈن مىللەتلەر ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىدى. گەرچە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار تولۇق ئىگىلىك ھوقۇقىقا ئىگە بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن قاراۋۇلخانا ۋە شەھەر مۇشۇ رايونغا جايلاشقانىدى ۋە چىڭ سۇلالىسى بۇلارنى تەرك ئېتىشنى خالىمايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئارىسىدىكى چۆللەر بىلەن قاپلانغان رايون بۇ ئارىدىكى تەمىنات لىنىيەسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مۈشكۈللەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنلىرىنىمۇ تەھدىتكە ئۇچراتقانىدى. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستان قولغا كىرگۈزۈلسە، غەربىي چېگرا ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ، بولغۇسى ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلايتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى چېگرا لىنىيەسىنى قوغداش تەننەرخى پايتەختنى قوغداشنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. بۇ ۋەقە مانجۇ تەزكىرىلىرىدە شۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن:

كىشىلەر شەرقىي تۈركىستاننى تۇتۇپ تۇرۇش چىقىمىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرىلىقىدىن شىكايەت قىلىشماقتا. لېكىن، بۇ گەپ توغرىمۇ؟ بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 19 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىمىز ۋە 1400 ھەربىي ئەمەلدارىمىز بار. ئۇلار پەقەت مانجۇرىيەدىن، ئىچكى موڭغۇلىيەدىن، شېنشى ۋە گەنسۇدىن شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) گارنىزونىغا يۆتكەلگەن ئەسكەرلەردۇر. بۇلارنىڭ يىللىق مائاشى ئالتە مىليون 789 مىڭ نۆكچە كۈمۈشتىن ئارتۇقراق بولۇپ، بۇلار ئەسلىدىكى ئورۇنلاردا تۇرغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مائاشى (مۇشۇ بويىچە) بېرىلگەن بولاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ 1772-يىلىدىكى قارارىدا، پادىشاھ چيەنلوڭ: <بىز شەرقىي تۈركىستاننى تەسەررۇپىمىزغا ئالغاندىن كېيىن، ئىچكى رايونلاردىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملاردىن باشقا، چېگرا مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ بىر بۆلۈكىنى قىسقارتىشقىمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلدى> دېگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى چىقىملارنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پادىشاھ ھەر يىلى 900 مىڭ نۆكچىدىن ئارتۇق كۈمۈشنى ۋە شۇ سايىدە، ھۆكۈمەت ئۆتكەن ئون يىل ياكى تېخىمۇ كۆپ يىللار مابەينىدە، ئون مىليون نۆكچىدىن ئارتۇق كۈمۈشنى تېجەپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ مەزگىلنىڭ دەسلىپىدە خەزىنىدە تەخمىنەن 33~34 مىليون نۆكچە كۈمۈش بار ئىدى، ھازىر بۇ سومما 78 مىليون نۆكچىدىن ئاشتى.» (59)

چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىستېلاسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانغا جەنۇبىتىن خىتايلارنى يۆتكەپ كېلىش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. بۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننى تۆت مەمۇرىي رايونغا ئايرىغان چىڭ سۇلالىسى بۇ يەرگە ھەم ئۆز ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلىگەن، ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان تۈركىستانلىق بەگلەرنى ئەمەلدارلىققا تەيىنلىگەنىدى. بۇ خىل ئەھۋال مۇسۇلمان خەلقنىڭ 1759-يىلىدىن 1864-يىلىغىچە ئوتتۇز قېتىمدىن كۆپرەك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولدى. 1864-يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن باشلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتكۈل شەھەرلەردىن سىقىپ چىقىرىلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن بۇ دەۋر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى قاتتىق بىئارام قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئۇرۇش (ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋەھاكازالار، ت) سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستانغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ماجالى قالمىغانىدى. شۇنداقلا، چىڭ سۇلالىسى 1851~1868-يىللىرى ئارىسىدىكى «نيەن قوشۇنى يېغىلىقى»نى (捻军起义) باستۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ۋە بۇنىڭدىن سىرت، 1848~1864-يىللىرى تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىنى، 1862-يىلى يۈننەندىكى قوزغىلاڭنى، 1864~1871-يىللىرى گەنسۇدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن شاپاشلىغانىدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەندە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قوللاۋاتقان قەشقەر ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇشنى توغرا سىياسەت ئەمەس دەپ قارايتتى. لېكىن، (يۇقىرىدا گېپى بولۇنغان) قوزغىلاڭلار باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرى

چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا پائال رول ئوينىغان سەركەردە زو زوڭتاڭنىڭ (左宗棠 ـــ خىتاي تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، مانجۇ خانلىقىغا بولغان ساداقىتى بىلەن تونۇلغان سەركەردە زو زوڭتاڭ 1812 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خىتاينىڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭيىن بازىرىدا تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدىكى ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ئارمىيەدە تېزدىن باش كۆتۈرگەن. بولۇپمۇ، ئۇ خىتايدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار (تۇڭگانلار)نىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان، ياقۇپبەگنىڭ ئىدارىسىدىكى قەشقەر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ خىتاي ئىشغالىيىتىگە ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان ئەڭ مۇھىم تارىخىي شەخستۇر) مەكتۇپلىرى سەۋەبلىك، دىققىتىنى قەشقەر خانلىقىغا ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. (60) زو زوڭتاڭ پادىشاھقا يازغان مەكتۇپىدا، گەنسۇدىكى قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك رەۋىشتە باستۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېلىھەم «ئىسيانكار» ھالەتتە تۇرۇۋاتقان باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىمكانقەدەر تېزرەك باستۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ۋە قەشقەردىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى. (61) پادىشاھ زو زوڭتاڭنىڭ تەشەببۇسىغا بىنائەن 1866 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇنى گەنسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا شۇ يەردىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتىن سىرت، ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىنى «قايتۇرۇۋېلىش» ۋەزىپىسىنىمۇ تاپشۇردى. لېكىن، بۇ ئاسان ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشان ئەمەس ئىدى.

قەشقەردە، ياقۇپبەگ ھەم ئەنگلىيە، ھەم رۇسىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، بۇ رايوندىكى كۈچىنى مۇستەھكەملىگەنىدى. يەنە كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى گەنسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىمۇ ھەقىقىي تۈردە باستۇرالمىغانىدى ۋە (شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشتىن) ئاۋۋال بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش زۆرۈر ئىدى. يەنە كېلىپ، زو زوڭتاڭنىڭ قوشۇنىدا كەمتۈكلۈك بەكلا ئېغىر ئىدى. ئۇ 1860 ـ يىلى ئۆز ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قوشۇن تەشكىللەپ، شۇ قوشۇن ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا تاقابىل تۇرغانىدى. لېكىن، ھەم ئەشيا قىسلىقى، ھەم سەركەردىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك، بۇ قوشۇن ئېغىر دەرىجىدە كەمتۈك ئىدى. زو زوڭتاڭ «نىيەن قوشۇنى يېغىلىقى»دىن كېيىن ئوردىغا سۇنغان مەكتۇپىدا ۋەزىيەتنى مۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى:

«شېنشىدىكى سەركەردىلەر ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى دەرىجىدىكى قابىللارنىڭ قالدۇقلىرىدۇر ... گەنسۇدا مەھكىمىلەر پۇل ـ پۈچەك يوقلۇقىغا قارىماستىن نۇرغۇن كىشىنى ئەسكەرلىككە ئالغان. نۆۋەتتە

شىنشىغا ھۇجۇم قىلغان قاراقچىلارنىڭ ئالتە ئۇلۇشلا مۇسۇلمان بولۇپ، قالغانلىرى باشقا جايلاردىن كەلگەن ئىسيانچىلاردۇر. بۇ ۋەزىپىنى تاماملاش مۇشكۇلدۇر.» (63)

يېڭى قۇرۇلغان بۇ قوشۇننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى ھازىرلاشمۇ ناھايىتى مۇشكۇل ئىدى. ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇش چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە زور قەھەتچىلىكلەرگە ۋە كىشىلەرنىڭ تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغۇدەك دەرىجىدە ئېغىرلاپ كەتكەنىدى. زو زوڭتاڭ بىر ئاماللار بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ كويىدا ئىدى. باشقا جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، زوڭ زوڭتاڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە زىرائەت تېرىغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلغۇسى ھەربىي ھەرىكەت ھەققىدە تۈركىستان باش ۋالىيسى كائۇفمان بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ 1869 ـ يىلى قولىدىكى مەۋجۇت ئىمكانلار ئارقىلىق گەنسۇ رايونىدىكى تۇڭگان قوزغىلاڭچىلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ئىلگىرىلەش سەپىرىنى باشلىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن تىركەشكەن تۇڭگانلار داخۇننىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا بىر يەرگە توپلانغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەييارلىقى يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن گەنسۇ رايونىنى تاشلاپ، 1875 ـ يىلى قۇمۇلغا قېچىپ بېرىپ، ياقۇپبەگدىن پاناھلىق تىلىدى.

زو زوڭتاڭ 1874 ـ يىلى تۇڭگانلارغا قارشى بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. لېكىن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە پۇختا تەييارلىق كۆرۈلمىگەن بۇ ئۇرۇش ئۇنىڭ قوشۇنىنىمۇ زور تالاپەتكە ئۇچراتقانىدى. زوڭ زوڭتاڭ ياقۇپبەگدىن پاناھلىق تىلىگەن تۇڭگانلارنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ قەشقەر خانلىقىغا يۈرۈش قىلىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ (شەرقىي تۈركىستان خۇسۇسىدىكى) بېسىمىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى ـ يۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ بۇنداق ھۇجۇمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر قىسمىغا زىرائەت تېرىغۇزۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. ھالبۇكى، زو زوڭتاڭنى بۇ مۇشكۇلاتتىنمۇ يەنە شۇ رۇسلار قۇتۇلدۇردى. تۈركىستان باش ۋالىيسى گېنېرال كائۇفمان ئىزچىل ھالدا ياقۇپبەگكە قارشى ھەربىي مۇداخىلە قىلىشنىڭ كويىدا ئىدى. نەتىجىدە، ئۇ چىڭ سۇلالىسىدىن ئېرىشكەن سودا ئىمتىيازلىرىنىڭ بەدىلىگە، زو زوڭتاڭغا زور مىقداردا ئاشلىق ۋە قورال ـ ياراغ بەردى. (64) 1874 ـ يىلى قەشقەر خانلىقى ئۈچۈن مۇنقەرزلىكنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

موكا دىپلوماتىيەسى (رەھبەرلىرى بىۋاستە ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغان دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتلىرىنىڭ مۇئەييەن مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئۇچرىشىشىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ تەكرار ئۇچرىشىشى رەخت توقۇمىچىلىقىدا رەختلەرنىڭ ئۆرۈشىگە ئارقاقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن

توختماي ئالدى ـ كەينى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان «موكا»غا ئوخشىتىلىپ، مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان، ت) دەۋرى

چارروُسىيە بىلەن قەشقەر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە كېتىۋاتقان بىر مەزگىلدە، رۇسلارنىڭ تۈتۈمىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ مەزكۇر رايونغا ئالاقىدار كۆز قارىشىنى تونۇپ يېتىش جەھەتتىمۇ مۇھىمدۇر. رۇسلار (ياقۇپبەگ بىلەن) ئىمزالاشقان سودا كېلىشىملىرى ئارقىلىق قەشقەردە ئوبدان نەپ ئالىدىغان بازار شەكىللەندۈرگەنىدى. قەشقەر رۇس تىجارەتچىلىرى ئۈچۈن ئىشەنچلىك بازار بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە تىجارەتچىلىرىنىڭمۇ بۇ يەردە سودا قىلىش ھوقۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن غەرب ماللىرىغا ئېرىشىدىغان مەركەزگە ئايلانغانىدى. لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال غەربىي تۈركىستاندىكى رۇس بازىرىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. يەنە كېلىپ، قەشقەردە قۇرۇلغان تۈرك خانلىقى رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان باشقا تۈركىي قەۋملەرگىمۇ ئۈمىد ئاتا قىلىشقا باشلىغانىدى. قەشقەر خانلىقىنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭمۇ ئەمەلىي قوللىشىغا ئېرىشىشى رۇس ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغانىدى.

بۇ خىل ئەھۋال رۇس ھۆكۈمىتىنى بىئارام قىلدى. دوكتور ئېۋگىن شۇيلېر (Eugene Schuyler) رۇسلارنىڭ قەشقەر خانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ھەققىدە شۇنداق دېگەنىدى:

يېقىنقى يىللاردا رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، قەشقەر خانلىقىنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە كىرىپ تۇرۇۋاتقان تاپاۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى بۇ رايوننى چەك سۇلالىسىگە بېرىش ئارقىلىق بۇ يەردىكى سودا ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش پىكرى ھاكىم ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. بۇ پىكىرگە قارشى چىققانلارمۇ، رۇسلارنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ نېرىسىغىچە كېڭىيىشى توغرا ئەمەس، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار ئىدى. «قەشقەر چەك سۇلالىسىگە بېرىۋېتىلمەسلىكى كېرەك، بۇ يەر بىزنىڭ قولىمىزدا تۇرغان تەقدىردە زور تاپاۋەت مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيتتى. (65)

گېنېرال كائۇفمان پولكوۋنىك سوسنوۋسكىنى ئىلى ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئىستىھكاملارنىڭ ۋە قەشقەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغۇسى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن زو زوڭتاڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. نەتىجىدە، 1875 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمدە، رۇسلارنىڭ زو زوڭتاڭغا ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە قورال ـ ياراغ بېرىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ چەك سۇلالىسىگە تاپشۇرۇلىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىلدى. (66)

رۇسلاردىن زۆرۈر ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە قورال ـ ياراغ ياردىمىگە ئېرىشكەن زو زوڭتاڭ بېيجىڭدىكى ئەنگلىيە بانكىلىرى بىلەن قەرز خۇسۇسىدا سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى رۇسلارنىڭ

ئەكسچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇرۇشىگە قارشى ياقۇپبەگنى قوللايتتى. ھىندىستان باش ۋالىيسى لورد لىيتتون رۇسلارنىڭ تەسرىگە قارشى قەشقەر خانلىقىنى قوللاش تەرەپدارى ئىدى. (67) (ئەنگلىيە بىلەن قەشقەر خانلىقى ئارىسىدىكى) مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش تەرەپدارى بولغان لورد لىيتتون روبېرت شاۋنى قەشقەرگە دائىمىي ئەلچى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. لېكىن، ئېنگلىزلارنىڭ بۇ تۇتۇمىمۇ ئۆزگەرمەس ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى سودا مەنپەئەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ تۇتۇم بارغانسېرى ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى.

ياقۇپبەگ خىتاي بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىيەنى ياقۇپخان تۆرىنى موكا دىپلوماتىيەسىگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىستانبۇل، پېتېرسبۇرگ ۋە لوندون ئارىسىدا دىپلوماتىك ئالاقە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. ئىستانبۇلغا كەلگەن ۋە بۇ يەردە زۆرۈر ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ياقۇپخان تۆرە پېتېرسبۇرگقا بېرىپ، ياقۇپبەگنىڭ ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ۋە (چاررۇسىيە ـ قەشقەر خانلىقى ئارىسىدىكى) مۇناسىۋەتنى تىنچلىق ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكىنى چارپادىشاھقا يەتكۈزگەن. لېكىن، بۇ يەردىكى ئۇچرىشىشلاردىنمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ياقۇپخان تۆرە لوندونغا بېرىپ، ئىلگىرى خېلى ياخشى ئۈلپەتداش بولۇپ قالغان فورسىس بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا تىرىشقان. بۇ جەرياندا، سېر ۋېيد ياقۇپخان تۆرە بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنى زىياپەتكە چىللاپ، ئارىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان. كو تاسېن بىلەن كۆرۈشكەن ياقۇپخان تۆرە كۈتكەندەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. (68) ياقۇپخان تۆرىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىنى قەشقەر خانلىقىنىڭ موكا دىپلوماتىيەسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ياقۇپخان تۆرە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر خانلىقىنى دەپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىغا چىنپۈتكىنىدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاللىقاچان شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگراسىغا كېلىپ بولغانىدى.

### ياقۇپبەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە قەشقەر خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

زو زوڭتاڭ قوشۇنى لازىملىق ئەشيالارنى تولۇقلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىپلوماتىك قوللاشقىمۇ ئېرىشكەن ھالدا شەرقىي تۈركىستان ھۇدۇدلىرىغا يېقىنلاشتى ھەمدە ئىلگىرى (گەنسۇدىن) قېچىپ كەتكەن ۋە قۇمۇلغا كېلىپ ياقۇپبەگدىن پاناھ تىلىگەن تۇڭگان قوزغىلاڭچىلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئۇرۇمچىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى بىلەن، زوڭ زوڭتاڭ قەشقەر خانلىقىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، 1876 ـ يىلى ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى سان ھەم سۈپەت جەھەتتە قەشقەر قوشۇنلىرىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇرۇمچىدىن داۋانچىڭ قورغىنىغا ئىلگىرىلىگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شۇنچىكى قارشىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن

قەشقەر خانلىقى يەنىلا قەلئەنى ساقلاپ قالالمىدى. قەشقەر خانلىقىدا ئۆزى كۆتكەندەك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن بەگلەرنىڭ ۋە قەشقەر قوشۇنىدىكى خىتاي ۋە تۇڭگان نەسىللىك ئەسكەرلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويغانىدى. كوروپاتكىن بۇ ئۇرۇشنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى مۇنداق بايان قىلغان:

شۇ يىلى قىشتا، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى كەم-كۈتىلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىدى. قوشۇندىن قاچىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى، ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش قىزغىنلىقىمۇ بارغانسېرى سۇسلاشقا باشلىدى. قوشۇندىن قاچقانلار ئارىسىدا ھەتتا ياقۇپبەگ ھەرۋاقىت ئىشىنىپ كەلگەن كىشىلەر (يەنى ئۇنىڭ يېقىنلىرى)مۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئەڭ دەسلەپتە قاچقانلارنىڭ ئارىسىدا (قەشقەر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەلپىنگە ھاكىم بولۇپ، كېيىن ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئاقسۇدا يۈزبېشى بولغان سادىق بەگ بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاقسۇدا تۈمەنبېشى ۋە باشقا جايلارغا مىراب بولغان باخشى مىراب بەگمۇ بار ئىدى. بۇ ئىككى كىشى تۇرپاندا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى شۈي شۇگوڭنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. كېيىن، شۈي شۇگوڭ سادىق بەگنى قەشقەرگە، باخشى مىراب بەگنى ياركەنتكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆشكۈرتۈشى نەتىجىسىدە، ياقۇپبەگنىڭ خەزىنىدارى ھوشۇر ئاخۇن خىتاي دېگەن كىشى 1877-يىلىنىڭ بېشىدا خەزىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىنى ئېلىپ، 41 ئەسكەر بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، كۇچار ۋە قەشقەر ھاكىملىرىنىڭ قېرىنداشلىرى، ياقۇپخان تۆرىنىڭ قېرىندىشى، يەنى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئەلچى سۈپىتىدە ئىستانبۇلغا ئەۋەتىلگەن ۋە نۆۋەتتە تاشكەنتتە ياشاۋاتقان ئەمىرخان قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى خىتايلارنىڭ قۇچىغا ئاتتى. (69)

ئۈرۈمچى بىلەن ئاقسۇدىن كېيىن ماناسمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى-دە، ياقۇپبەگ يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ھېكىمخان تۆرىنى تۇرپانغا، كىچىك ئوغلى بەگقۇلىنى تاختاسۇنغا ئەۋەتىپ، ئۆزى كورلىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە بۇ يەردە مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى قۇرغاندىن كېيىن زو زوڭتاڭغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلغۇسى يوقلۇقىنى، ئەگەر ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلانسا، ئومۇمىيۈزلۈك مۇجادىلىنى باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زو زوڭتاڭ بۇ تەكلىپنى دەسلەپتە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى تەرەپكە ئۆتكەن (خائىن) قەشقەر بەگلىرىنىڭ تەلقىنلىرى ۋە ياقۇپبەگنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى سەۋەبىلىك، بۇ قارارىدىن يانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ، ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇللىرى تەخت جېدىلى قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن كېلىدىغان خەتەرنى ئۇنتۇپ كېتىشتى-دە، بۇ دۆلەتنىڭ براقلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشغال قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

ياقۇپبەگنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى توغرىسىدا خىلمۇخىل قاراشلار مەۋجۇت. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن. ياركەنتنىڭ ھاكىمى بولغان نىياز ھېكىمبەگ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (يەنى قەشقەر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى) ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ياركەنتتە خىزمەتكە تەيىنلەنگەن بىر مەمۇرىي خادىم ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولۇپ، خوتەننىڭ ۋالىيلىقىغا قەدەر يۈكسەلگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشى بىلەنلا ياقۇپبەگنىڭ سىياسەتلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە باشلىغان نىياز ھېكىمبەگ خىتايلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى كېرەك، دەپ قارايتتى. لېكىن، ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنىڭ پىكرىگە قارىماستىن ئۇرۇش قىلىش زۆرۈر، دەپ قارايتتى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سېپىگە ئۆتۈپ كېتىشى سەۋەبلىك، مەركەز ئىختىلاپ ئېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى ۋە نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگكە قارشى سۇيىقەست پىلانلاپ، 1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. (70 ـــ موللا مۇسا سايرامى)

كوروپاتكىن بولسا ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى باشقىچە بايان قىلغان. ئۇنىڭ «قەشقەرىيە» (بۇ كىتاب ئۇيغۇرچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان، ت) ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، كامال ئىسىملىك كاتىپىنىڭ بىر خاتالىقى سەۋەبلىك پەۋقۇلئاددە غەزەپلەنگەن ياقۇپبەگ ئاچچىقىدا بۇ كاتىپنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاندىن يەنىلا غەزىپى بېسىقمىغاچقا، خەزىنىدار سابىر ئاخۇن بەگنى ئۇرۇشقا باشلىغان. سابىر ئاخۇن بەگ قول ياندۇرۇپ، بىر مۇشت بىلەنلا ياقۇپبەگنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن. شۇ پېتى ھوشىغا كېلەلمىگەن ياقۇپبەگ ئەتىسى، يەنى 1877 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن. (71)

بەگقۇلى دادىسىنىڭ مېيىتىنى كورلىدىن ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. چۈنكى، ياقۇپبەگ ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن، كىشىلەر بەگقۇلىنىڭ قەشقەرگە كېلىشىنى خالىمايتتى. قەشقەر خەلقى ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، ئۇنى خان دەپ جاكارلاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپبەگنىڭ جەستى ئاقسۇدا توختىتىپ قويۇلدى. كېيىن ھەققۇلى بۇ جەسەتنى ئاپىرىپ ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلدى.

ياقۇپبەگنىڭ ۋاپاتى ھەم تۈركىستان رايونىنى، ھەم دۇنيا تاراتقۇلىرىنى زىلزىلىگە سالدى. ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە قارىتا تەڭپۇڭلۇق سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، ھاكىم كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى توسالغۇغا ئۇچراتقان مۇشۇنداق بىر سىياسىيونىنىڭ ۋاپاتى زور غۇلغۇلا قوزغىدى. ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «Western Daily Press» گېزىتى بېرلىندىكى مۇخبىرى ئارقىلىق ياقۇپبەگنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. (72) موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە ياقۇپبەگنىڭ زەھەر سېلىنغان تاماقنى يېگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە شۇلارنى كېسىپ ئېيتقان:

تۈيۈقسىزلا بوغۇلۇپ نەپسى يېتىشمەي قالدى ۋە خىزمەتكارلىرىنى سوغۇق چاي ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئەكېلىنگەن چاينى ئىچەر ـ ئىچمەستىن يەرگە يىقىلىپ، ۋۇجۇدى قاتتىقلاشتى. رەڭگىلىرى ئۆزگىرىپ، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى يېرىلىشقا باشلىدى. (73).

زامانىخان كوروپاتكىنغا ياقۇپبەگ توغرىسىدا يازغان مەكتۇپتا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ياقۇپبەگكە قانداق قارايدىغانلىقى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلگەن: «مەرھۇم ياقۇپبەگ تولىمۇ ئەقىللىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئېسى كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىدى. ئۇ ھەم ھىيلىگەر، ھەم يالغانچى بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلىدىكىنى ئالدىراپ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىگە پەۋقۇلئاددە ئىشىنىدىغان، تەكەببۇر كىشى بولغانلىقتىن باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى. ئۇ ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاخىرقى مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ تولىمۇ قابىلىيەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى ... ئۇنىڭ خۇسۇسىي ھاياتى تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا ئىدى. ئىشلاردىن قۇسۇر چىقارمايتتى. بارى ـ يوققا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشنى بىلەتتى. گاھىدا ھەممىگە تولىمۇ مېھىر ـ شەپقەت بىلەن كەمتەر مۇئامىلە قىلاتتى. بارلىق دىنىي پائالىيەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئادا قىلاتتى. ئۇ بىر سوتكا ئىچىدە پەقەت تۆت سائەتلا ئارام ئالاتتى. باشقا ۋاقىتلاردا بولسا تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەتتى. ئۇنىڭ دىۋانىدا ئۈچ پۈتۈكچىلا بار ئىدى. ياقۇپ (ئەسلى مەتىنىدە «ياقۇپ» دەپ بىۋاستە ئاتالغان، ت) تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن، بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن ئادەم ئىدى. ئەمما، بىلىمگەنلەر ئۇنى بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ۋە ساپالىق كىشىكەن دەپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ مۇنازىرىلەردە يېڭىپ چىقىپ، ئۆز ئوي ـ پىكىرلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمدىن ئۆزىگە ياقىدىغان بەزى ئايەتلەرنى ۋە پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى نەقىل قىلاتتى. ئۇ پارسچىنى ئالاھىدە ياخشى سۆزلەيتتى. پەرمانلار ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن يېزىلاتتى. سۇنۇلغان مەلۇماتلارمۇ ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قايتۇرۇلاتتى. ياقۇپبەگ رۇسىيەدىن ياكى باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن مەكتۇپلارنى كۆپەيتمىسى بىلەن قوشۇپ ئۆز يېنىدا ساقلايتتى.» (74)

لېكىن، شۇنىڭ ئەكسىچە، ياقۇپبەگنى تونۇغان ئېنگلىز تەتقىقاتچىلار ئۇنى خەلقتىن باج ئالمايدىغان، ئادىل، دىندار ۋە جەسۇر ھۆكۈمدار دەپ سۈپەتلىگەن. بولۇپمۇ، فورسىس ئۇنى تىلغا ئالغاندا، «خىتايلار قالدۇرغان خارابىلىقنىڭ ئۈستىدە تولىمۇ كاتتا بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققاندى» دېگەن. (75)

ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئارىسىدا بەگلىك دەۋاسى كۆرۈلدى. يېشى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ تەجرىبىلىك بەگقۇلى (دادىسىدىن قالغان) بەگلىك ماقامىنىڭ كىچىك ئىنىسىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۈشكۈرتۈشى نەتىجىسىدە، ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. دەرۋەقە، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىمۇ ھامىيلىق سۈپىتى بىلەن بەگقۇلىنى خان قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. «بەسىرەت گېزىتى»نىڭ 1877 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانىدا «ھەزرەتى پادىشاھى ۋەلى

ئەھدىنىڭ ئىرادىسى بىلەن نېسپ ۋە تەيىن ئەيلەنگەن» بەگقۇلىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. (76) يەنە دەل شۇ مەزگىلدە، نىياز ھېكىمبەگ خوتەن شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ ئۆزىنى بەگ دەپ جاكارلىسا، ھېكىمخان تۆرە ئاقسۇدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. (77)

بەگقۇلى تەخت مۇجادىلىسىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى ۋە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاسىي شەھەر بەگلىرىنى تەكرار تىزگىنىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن قەشقەردىن كورلىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. كورلىدا ئىشلارنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن كۇچارغا قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، ئارقىدىنلا زو زوڭتاڭ كورلىنى قورشاۋغا ئېلىپ قولىغا كىرگۈزدى. بەگقۇلى ئۆزىدىن كېيىن قەشقەرگە كەلگەن قېرىندىشى ھەققۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بەگقۇلى قېرىندىشى ھەققۇلىنى ئۆلتۈرۈپ، بىردىنبىر قانۇنلۇق تەخت ساھىبىغا ئايلاندى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بەگقۇلى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ بۇ يەرنى قايتىدىن قولىغا كىرگۈزدى. ئۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەستىن دەرھال ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ يەردىمۇ بۇزۇلغان تەرتىپنى قايتىدىن ئورنىتىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، (دەل شۇ چاغدا) زو زوڭتاڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرنى قورشىۋالدى. قەشقەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشقان بەگقۇلى جەڭگاھنى تاشلاپ پەرغانىگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى ۋە تاشكەنتكە يېقىن جايدا ئۆلدى. 1877 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەنى ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن يەتتە ئاي كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىرىپ، قەشقەر خانلىقىنى تولۇق ئاغدۇردى. (78) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، زو زوڭتاڭنىڭ قىلغان تۇنجى ئىشى ياقۇپبەگنىڭ مازىرىنى ئاچقۇزۇپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى سۇتلىتىش ۋە بېشىنى كەسكۈزۈش بولدى. (79)

## ياقۇپبەگدىن كېيىن تۈركىستاندا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ئىستىلاسىنىڭ تەسىرى بىرىنچى قېتىمدىكىدىن (يەنى 1759 ـ يىلدىكىدىن) تېخىمۇ چوڭ بولدى. بۇ رايون ئۈچۈن زۆرۈر مەمۇرىي تەقسىماتلار ئېلىپ بېرىلىپ، زو زوڭتاڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى باش ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى رۇسلارنىمۇ بۇ رايوندىن سىقىپ چىقىرىپ، بۇ يەردە تولۇق ھاكىمىيەت ئورناتتى. قىسقا مۇددەتتىن ئېيتقاندا، رايوندا تىنچلىقپەرۋەر سىياسەت يۈرگۈزگەن چىڭ سۇلالىسى 1884 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇ رايوننى 17 ۋىلايەتكە ئايرىپ، «شىنجاڭ» (يېڭى رايون) دەپ ئاتىدى. ئىشغالىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا رايون خەلقى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشقان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باجنى تۆۋەنلەتتى، دىنىي باستۇرۇشتىن ۋە كىشىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈش سىياسەتلىرىدىن يىراق تۇردى. 1911 ـ يىلىدا چىڭ سۇلالىسى يىمىرىلىپ، سۇن جوڭشەن

رەھبەرلىكىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە، بۇ رايوندا نوپۇز بوشلۇقى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بۇ ۋەزىيەتنى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىدىغان قۇرۇلما ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئەكسىچە، خىتاي ھاكىمىيىتى خىتاي نەسىللىك كىشىلەرنى بۇ يەرگە يەرلەشتۈرۈپ، نوپۇس ئېقىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا، شەرقىي تۈركىستاندا روشەن بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى مەۋجۇت ئىدى. خوجىلار تائىپىسى باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپلەر بىلەن جەدىتچىلەر ئارىسىدىكى جېدەل بۇ يەرنى ئىككىگە ئايرىغانىدى.

1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىدىن كېيىن، مۇستەقىللىق يولى قايتىدىن ئېچىلدى ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئۇيۇشقان ئۇيغۇرلار بۇ نۆۋەتمۇ تۇڭگانلار بىلەن كېلىشىشكە مەجبۇر بولدى. تەڭرىتاغلىرىنى پاسىل قىلغان ھالدا ئېلان قىلىنغان بىر كېلىشىمنىڭ نەتىجىسىدە 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. يىگىرمىنچى ئەسىردە مەزكۇر رايوندا قۇرۇلغان بۇ مۇستەقىل دۆلەتنىڭ سىياسىي ئۆمرى ئۇزۇن داۋاملاشماستىن، ئۈچ ئايدىن كېيىن خىتاي ۋە رۇس بېسىملىرىغا پايلىيالماي يىقىلدى. خوجىنىيازغا «ياپونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن» دەپ جىنايەت ئارتىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن رايوندىكى تەسىرىنى ئىزچىل كۈچەيتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭى بىر قوزغىلاڭغا دۇچ كەلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى ۋە ياپونىيەنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن خىتايغا نىسبەتەن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بەسىي مۈشكۈل ئىدى. ئىلىقا ناھىيەسىدە باشلانغان قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا غۇلجىغا كېڭەيدى ۋە (موڭغۇل، شىبە قاتارلىق) غەيرىي تۈركىي قەۋملەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا زورايدى. نەتىجىدە، شۇ يىلى 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەلىخان تۆرىنىڭ رەھبەرلىكىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۈشكۈلات ئىچىدە قالغانلىقىنى غەنىيمەت بىلگەن بۇ يېڭى دۆلەت قىسقا مۇددەت ئىچىدە زامانىۋى قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆز نامىغا پۇل باستۇرۇپ، زامانىۋى دۆلەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قۇرۇلغان يېڭى ئارمىيەنىڭ تۆرتكىسىدە، شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئۈنۈملۈك كۈرەش باشلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «قوزغىلاڭچىلار» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار رۇسىيەنىڭ قول تىقىشى نەتىجىسىدە (شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا) ئىلگىرىلىشىنى توختىتىپ ۋە بىر كېلىشىم (11 بىتىم) ئىمزالىشىپ، ئۆز ھەققىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنى بىلەن بۆلۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىمزالانغان بۇ كېلىشىمدە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا كۆندى. بۇ ئەھۋال مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەقەت قەغەز يۈزىدىكى مۇستەقىللىقتىنلا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئىدى. يېڭى قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەت 15 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق ۋە ئون نەپەر خىتايدىن تەركىب تاپقان (جەمئىي 25 كىشىلىك) ھەيئەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، (مەزكۇر بىتىمگە كۆرە) خىتاي تىلى رەسمىي تىل دەپ بېكىتىلەتتى ۋە ئۇيغۇرچە بىلەن قازاقچىمۇ رەسمىي تىللىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەتتى.

**خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بارلىق دېموكراتىك ھەقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. جاڭ جىجوڭ (张治中) ئىسمىلىك خىتاي بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. بۇ ئەسلىدە ھېچبىر ئۇيغۇر قوبۇل قىلمايدىغان ھۆكۈمەت ئىدى. چۈنكى، ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەنلەر سوۋېت قوللايدىغان كىشىلەر بولۇپ، خەلق قەھرىمانىغا ئايلانغان ئوسمان باتۇر ۋە ئەلىخان تۆرە قاتارلىق مىللەتچىلەر ھۆكۈمەتتىن يىراقلاشتۇرۇلغانىدى. ئوسمان باتۇر بۇ كېلىشىمنىڭ خىتايغا قۇل بولۇشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن قوبۇل قىلىنماسلىقى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلاردىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ قوراللىق مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى.**

**ماۋ زېدوڭ رەھبەرلىكىدە خىتايدا قۇرۇلغان كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا يېقىنلاپ كەلگەنىدى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق قىسىملىرى قىزىل ئارمىيەگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، رايون تامامەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تىزگىنىگە ئۆتتى. شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلغان ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسھاقبېك رەھبەرلىكىدىكى كىشىلەر (بېيجىڭغا سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتناشقىلى مېڭىش سەپىرىدە) بىر ئايروپىلان ۋەقەسى ئارقىلىق كۆزدىن يوقىتىلدى.**

**ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا قاتارلىق نۇرغۇن ئۇيغۇرلار تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشتى ۋە چەتئەللەردە شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسى قىلىشقا باشلىدى.**

**داۋاملىق قوراللىق مۇجادىلە قىلغان ئوسمان باتۇر كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرىشىنىمۇ داۋاملاشتۇردى ۋە 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە، پەۋقۇلئاددە ئاز ساندىكى ئادەملىرى بىلەن خىتايغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ماكايغا چېكىندى. بۇ يەردىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قوراللىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇردى ۋە ئۇ ئاخىرىدا كايىز رايونىدا خىتاي قىسىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئايالى، ئۈچ ئوغلى ۋە بەش قىزىمۇ ئەسىر ئېلىندى. 18 ياشلىق قىزى كەبىيرە بىلەن 14 ياشلىق ئوغلى بەيبوللا ئاپىسى مامەيىنىڭ كۆز ئالدىدا چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. 11 ياشتىكى ئوغلى قارىي بىلەن توققۇز ياشلىق قىزى ساپىيان تىرىك ھالدا يىگىرمە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇققا تاشلىۋېتىلدى. پەرزەنتلىرىگە قىلىنغان بۇ زۇلۇم ـ ستەمگە ۋە قەتلىئامغا چىدىيالمىغان مامەي ئەقلىدىن كەتتى ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن جاينىڭ يېنىدىكى دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالدى. ئوسمان باتۇر ئۆزىمۇ ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا سازايى قىلىندى ۋە 1951 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كوممۇنىست خىتايلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.**

«ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئىممۇنىتېت سىستېمىمىز بىزنى راكتىن قانداق قوغدايدۇ؟

ئۆمەت ئاقتاش

# ئىممۇنىتېت سىستېمىمىز بىزنى راكتىن قانداق قوغدايدۇ؟

دوكتور ئۈمىد ئاقتاش

بىلىشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم بىر ھەقىقەت بار: ئەسلىدە بىز ئىنسانلار ھەر كۈنى راك كېسىلى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز! بەدىنىمىزدە ھەر كۈنى بىنورمال راك ھۈجەيرىلىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىزنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىزنىڭ ئەقىللىق ۋە ھوشيار ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ھۈجەيرىلىرىمىز ھەر كۈنى پەيدا بولىدىغان بۇ راك ھۈجەيرىلىرىنى دەرھال بايقىيالايدۇ ۋە ئۇلارنى كېسەللىك پەيدا قىلىشتىن ئىلگىرىلا يوقىتىدۇ. شۇڭا راكتىن ئەمەس، ئىممۇنىتېت سىستېمىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقۇڭ!

راك ھۈجەيرىلىرىدە ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى ئاكتىپلاشتۇرىدىغان ئانتىگېنلار (ئورگانىزمدا ئىممۇنىتېتلىق رېئاكسىيە قوزغىيالايدىغان ماددىلار، ت) بار. ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئانتىگېنلار ھۈجەيرىلەرنىڭ كىملىك كارتىسىغا ئوخشايدۇ. يوچۇن ھۈجەيرە بەدەنگە كىرگەندە، ئىممۇنىتېت سىستېمىسى دەرھال «سالاھىيەت» تەكشۈرۈپ، ھۈجەيرىنىڭ ئانتىگېنىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئانتىگېن بەدەنگە يات بولسا، ئىممۇنىتېت سىستېمىسى دەرھال جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپ، بۇ ھۈجەيرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بارچە ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سالىدۇ.

بەدەندە راك ھۈجەيرىسى پەيدا بولغاندىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مېخانىزم ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئىممۇنىتېت سىستېمىسى راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئانتىگېنلىرىنى تونۇغان ھامان، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئۇلارنى يوقىتىدۇ. راك ھۈجەيرىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ھۈجەيرىلەر تەبىئىي ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىلىرىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپلا راكقا قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىگە ئىگە.

راكقا قارشى تۇرىدىغان ئىممۇنىتېت سىستېمىسى باشقا زىيانلىق ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، راك ھۈجەيرىسىگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. راك ھۈجەيرىسى تونۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايونغا ئەۋەتىلگەن ماكروفېيج ھۈجەيرىلىرى (**Macrophage** ــــ ئاق قان ھۈجەيلىرىنىڭ بىر خىلى، ت) راك ھۈجەيرىسىنى يۇتۇپ ھەزىم قىلىدۇ. ھەزىم قىلىنغان راك ھۈجەيرىسىنىڭ ئانتىگېنى (كىملىك كارتىسى) **B** ۋە **T** لىمفا ھۈجەيرىلىرىگە سۇنۇلىدۇ ـ دە، لىمفا ھۈجەيرىلىرى ئىلغار ئىممۇنىتېت مېخانىزملىرىنى قوزغىتىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھۈجەيرە ئۆلتۈرگۈچى (**Cytotoxicity**) **T** لىمفا ھۈجەيرىسى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ھۈجەيرىلەرگە قارىتا ئالاھىدە سەزگۈردۇر. بەزى راكلارنى ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى

**ئىسپاتلاندى. ئەنە شۇ خىل ۋىرۇستىن مەنبەلەنگەن راكلاردا، ھۆجەيرە ئۆلتۈرگۈچى T لىمفا ھۆجەيرىسى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان راك ھۆجەيرىلىرىنى بايقىغان ھامان ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، شىددەتلىك ھۇجۇم ئارقىلىق راك ھۆجەيرىسىنى يوقىتىدۇ.**

**بەدىنىمىزدىكى راك ھۆجەيرىلىرىگە قارشى تۇنجى مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغۇچى دەل مۇشۇ تەبىئىي قاتىل (Natural killer) ھۆجەيرىلەر بولۇپ، بۇلار بەدەننى توختىماي چارلايدۇ ۋە سكانېرلايدۇ ھەمدە بۇ جەرياندا قولغا چۈشۈرگەن راك ھۆجەيرىسىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. بۇ سكانىرلاش پائالىيىتى ھەر كۈنى نەچچە مىڭ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئۇلار راك ھۆجەيرىسىنى تاپقان ھامان دەرھال ھۇجۇم قىلىپ، ئەجەللىك زەھىرىنى راك ھۆجەيرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ھەرە نەشتىرىنى سانجىش ئارقىلىق زەھىرىنى بەدەنگە كىرگۈزگەنگە ئوخشاش، تەبىئىي قاتىل ھۆجەيرىلەرمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا سانجىش ئارقىلىق راك ھۆجەيرىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ھۆجەيرىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ راك ھۆجەيرىلىرىنىڭ ئانتىگېننى ئىلگىرى تونۇغان بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەكسىچە ئۇلار راك ھۆجەيرىلىرىنى كۆرگەن ھامان تونۇپ ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىقتىدارىنىڭ ياردىمىدە، ماكروفېيج ھۆجەيرىلىرى ۋە T لىمفا ھۆجەيرىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان راك ھۆجەيرىلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەلەيدۇ. يەنى بەدىنىمىز ھەرگىزمۇ راكقا قارشى مۇداپىئەسىز قالغىنى يوق. بىزگە ئاتا قىلىنغان مۆجىزىۋى ئىممۇنىتېت سىستېمىسى راك ھۆجەيرىلىرىنى تۇتۇۋالغان يەردە يوقىتىدۇ.**

**شۇڭا، گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى: راكتىن ئەمەس، ئىممۇنىتېت سىستېمىمىزنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن قورقۇڭ!**

دوكتور ئۇمىد ئاقتاشنىڭ «دورىسىز ھايات» دېگەن كىتابىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام
خاتالىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىش، كىبىرلەنمەسلىك
مۇھەممەد ئارىفى

# خاتالىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ، كەچۈرۈلىسىز

مۇھەممەد ئارىفى

ئاداۋەتنىڭ بىر ـ ئىككى يىل، ھەتتا بىر ئۆمۈر داۋاملىششىغا سەۋەب بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ «مەن خاتالىشىپتىمەن، ئۆزۈر سورايمەن» دېيىشى كۇپايىدۇر.

دېيىشىپ قويغان يەرگە بارماسلىق، ئېغىر چاقچاق ياكى رەنجىتكۈچى سۆز . . .

يانغىن يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇچقۇنلارنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشىڭ: «ئۆزۈر سورايمەن»، «توغرا دېدىڭىز»، «كۆڭلىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ!». كىچىك پېئىل بولۇش ۋە كىشىلەرگە بۇ سۆزلەرنى دېيىش نېمە دېگەن ياخشى ھە!

* ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاڭجاللىشىپ قالغانىدى. ھەر ئىككىلىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، (خاتالىقتىن تەلتۆكۈس ساقلىنىپ بولالمايدىغان) ئىنسان ئىدى.

ئەبۇ زەر ئاچچىقىدا بىلالنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى!» دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالدىن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ زەرنى چاقىرىپ: «پالانىنى ھاقارەتلىدىڭمۇ؟» دېۋىدى، ئەبۇ زەر: «ھەئە» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاپىسىنى چىشلەپ تارتتىڭمۇ؟» دېۋىدى، ئەبۇ زەر: «ئەركەكلەر بىلەن جېدەللەشكەن كىشىلەرنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى چىشلەپ تارتىلىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەندە جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىكەن» دېدى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى ۋە: «شۇنچە يىل مۇسۇلمان بولۇپ ياشىغاندىن كېيىن، يەنە جاھىلىيەت قالدۇقلىرى بولسا ھە!» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۇنداق» دېدى. ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى:

«ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلارغا تاپشۇردى. قېرىندىشى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان كىشى ئۆزى يېگەننى ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزسۇن؛ ئۆزى كىيگەننى ئۇنىڭغىمۇ كىيدۈرسۇن. ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمىسۇن، ئەگەر بۇيرۇپ قالسا، ئۆزى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولسۇن.»

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق قىلدى؟ ئۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزرە سورىدى. بىلالنىڭ ئالدىدا يەردە ئولتۇرۇپ، مەڭزىنى يەرگە ياقتى ۋە: «ئى بىلال، يۈزۈمگە دەسسىگىن» دېدى [سەھىھۇل مۇسلىم].

ساھابىلەر ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى تۇتۇشۇپ كېتىشتىن ئىلگىرىلا ئۆچۈرۈشتە مۇشۇنداق يول تۇتقانىدى. ئەگەر ئاداۋەت كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزىراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى.

* ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىسىدا ئازراق گەپ بولۇندى ۋە ئەبۇ بەكرى ئۆمەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۆمەر ئاچچىقلانغان ھالەتتە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇشايمان قىلدى ۋە دەرھال ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ: «ئى ئۆمەر! مەن ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىگىن» دېدى. لېكىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قارىمىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزرە سورىغىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋەردى. ئۆمەر ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ماڭدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپلا: «بۇرادىرىڭلار بىرى بىلەن جېدەللەشكەندەك تۇرىدۇ» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ئولتۇردى.

بىرئازدىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى پاكپاكىز ئىدى.

ئۆمەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ سالام بەردى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بولغان ئىشلارنى، ئەبۇ بەكرىگە نېمىشقا پەرۋا قىلمىغانلىقىنى ۋە ئۆزرىسىنى نېمىشقا قوبۇل قىلمىغانلىقىنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن خاپا بولدى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خاتالىق مەندىن ئۆتكەنىدى. خاتالىق مەندىن ئۆتكەنىدى» دېدى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى سىلەرگە ئەۋەتتى. سىلەر: <يالغان ئېيتتىڭ> دېدىڭلار. ئەبۇ بەكرى بولسا: <راست ئېيتتىڭ> دېدى. ئۇ يەنە جېنى ۋە مېلى بىلەن ماڭا ياردەم قىلدى. سىلەر ھەمرايىمنى ماڭا قويۇپ بېرەمسىلەر؟ سىلەر ھەمرايىمنى ماڭا قويۇپ بېرەمسىلەر؟» [سەھىھۇل بۇخارى]

ئۆزىڭىزنى ھالاكەتكە تاشلاش ئارقىلىق باشقىلارنى توغرا يولغا ئەكەلگەنلەردىن (يەنى ئىبرەتلىك ئۆرنەك) بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ! تۆگمەن تېشىنى چۆرگىتىلىدىغان ئېشەك بولۇپ قالماڭ!

ئەگەر سىز ئوقۇغۇچىلىرىغا تەلىم بېرىدىغان ۋە ئۇلارغا ئۆرنەك بولىدىغان ئوقۇتقۇچى، دادا ياكى ئاپا بولسىڭىز، ئوبيېكتىلىرىڭىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىلا ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممەيلەننىڭ سىزگە قاراپ

تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىك. مۇمكىنقەدەر قائىدىلىك بولۇشقا تىرىشىڭ! ئەر ـ ئاياللارمۇ بىر ـ بىرىگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

* بىر قېتىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلققە كىيىملىك رەخت تارقاتتى. ھەربىر پارچە رەخت پەقەت ئىزار (بەدەننىڭ تۆۋەن قىسمىغا كىيىدىغان پەرتۇقسىمان ئىشتان) ياكى رىدا (يەكتەكسىمان كىيىم) چىققۇدەكلا ئۇزۇنلۇقتا ئىدى.

ئاندىن، جۈمە كۈنى ئۇ ئىنسانلارغا خۇتبە سۆزلەپ: «ئاللاھ سىلەرنى ماڭا قۇلاق سېلىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى» دېۋىدى، جامائەتتىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ساڭا قۇلاق سېلىش ۋە ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز يوق» دېدى. ئۆمەر: «نېمىشقا؟» دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى كىشى :«چۈنكى، سەن بىزگە بىر كىيىملىك رەخت تارقاتتىڭ. ئۆزۈڭنىڭ ئۇچىسىدا بولسا ئىككى پارچە يېڭى كىيىم تۇرىدۇ. سېنىڭ ھەم ئىزارىڭ، ھەم رىدايىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە يۈزلەندى. ئۇ كىمنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاندىن ئوغلى ئابدۇللاھنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا: «ھەي ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، تۇر ئورنىڭدىن!» دېدى. ئوغلى ئورنىدىن تۇرىۋىدى: «ئۈستۈمدە بىر قۇر كىيىم بار چاغدا، سەن ئۆزۈڭگە بۆلۈنگەن رەختنى خۇتبە ئوقۇغاندا كىيىدىغان كىيىملىك قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا بەرمىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئوغلى: «شۇنداق» دېدى. ھېلىقى كىشى جايىدا ئولتۇرغاچ: «ئەمدى ساڭا قۇلاق سالىمىز ۋە ئىتائەت قىلىمىز» دېدى ـ دە، مەسىلە تولۇق ھەل بولدى.

ئەزىز قېرىندىشىم! ماڭا قارىتا ئۇنچە ئالدىراقسانلىق قىلما! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى جەھەتتە، ئىككىمىزنىڭ پىكرى ئوخشاش. لېكىن، مۇھىمى شۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھۋالنى ئاڭقىرىپ، ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرىنى دەرھال ئۆچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ئەڭ ئاخىرىدا مەيلى ئەر ـ ئايال، بالا ـ چاقا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىنىڭ سېنىڭ پىكرىڭنى ۋە نەسىھەتىڭنى قوبۇل قىلىشىنى ئويلىساڭ، ئۆزۈڭمۇ كىبىرلەنمەستىن نەسىھەتنى قوبۇل قىلغانلاردىن بول.

* بىر كىشى ئايالىغا دائىم: «بالىلارغا تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلگىن. تاماقنى ياخشىراق ئەتكىن. قاچانغىنىچە ساڭا: <ھۇجرىلارنى رەتلىك تۇت> دەۋېرەرمەن؟» دەيتتى.

ئايالى ھەردائىم كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەندىشە قىلماڭ، ئاللاھ خالىسا دېگەنلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمەن» دەيتتى.

بىر كۈنى ئايالى ئۇنىڭغا: «بالىلار ئىمتىھان مەزگىلىدە سىزنى يېنىمىزدىراق تۇرسىكەن، دەيدۇ. دوستلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە بەك ھايالداپ قالمىسىڭىز» دېدى.

ھېلىقى ئادەم ئايالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلار ـ ئاڭلىماستىن: «مەن ئۇلارغا ۋاقىت ئاجرىتالمايمەن. خالىسام ھايال بولىمەن، خالىسام ھايال بولمايمەن. سەن مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشما» دەپ ۋارقىرىدى.

**ئېيتىپ باققىنە! شۇنىڭدىن كېيىن، ئايالىڭىزنىڭ سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزگە قۇلاق سېلىشىدىن قاندىقمۇ ئۈمىد كۈتەلەيسەن؟**

**ئەقىللىق ئىنسان باشقىلارنىڭ مارىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تامدىكى يوچۇقنى ئېتىۋېتىدۇ. يەنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن شۈبھىلىنىشىگە ئىمكان قالدۇرمايدۇ.**

**ئېسىمدە قېلىشىچە، دىنىي دەۋەت ئىشلىرىغا ئالاقىدار جەمئىيەتلەردىن بىرى بىر توپ دەۋەتچىنى ئالبانىيەدە لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغانىدى. ئالبانىيە دىنىي دەۋەت مەركەزلىرىنىڭ مۇدىرىمۇ يىغىنغا قاتناشقانىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ساقالدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئادەتتە دەۋەتچى دېگەننىڭ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ساقىلى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق ئىكەن، دەۋەتچىلەرنىڭ باشلامچىسى ساقالسىز بولسا قانداق بولغىنى؟**

**يىغىن باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قېرىنداشلار! مەن ساقال چىقمايدىغان كوسا ئادەم. شۇڭا مەن (يەنى ساقىلىم يوقلۇقى) ئۈچۈنمۇ مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەپ يۈرمەڭلار يەنە» دېدى. بىزمۇ كۈلگىنىمىزچە ئۇنىڭغا رەھمىتىمىزنى بىلدۈردۇق.**

**خالىساڭ، مەدىنىگە بىر نەزەر سالايلى!**

**رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان كېچىلىرىدە مەسچىتتە ئېتىكاپقا كىرەتتى. ئايالى سەفىييە بىنتى ھۇيەي ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىشقا تەرەددۇتلانىدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قاراڭغۇدا يالغۇز ماڭغۇزۇشنى خالىماي، ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. دەل شۇ چاغدا، ئەنسارلاردىن ئىككى كىشىنى ئۇچراتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بىر ئايال بارلىقىنى كۆرۈپ تېز ـ تېز مېڭىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «توختاڭلار! بۇ (مېنىڭ ئايالىم) سەفىييە بىنتى ھۇيەيدۇر» دېدى. ھېلىقى ئىككىيلەن: «سۇبھانالله (يەنى «سىلىدىنمۇ گۇمان قىلامدۇق؟») ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شەيتان ئىنسان بەدىنىدە قان ئايلانغاندەك ئايلىنىدۇ. مەن ئۇنىڭ سىلەرگە شۈبھە سېلىشىدىن قورقتۇم» دېدى [سەھىھۇل بۇخارى].**

**جاسارەت خاتالىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئەمەس، بەلكى خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى قايتا تەكرارلىماسلىقتۇر.**

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىنىڭ «ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# شەرىپ داموللام

# شېرىپ داموللام

شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىم، كېيىنچە شېرىپ داموللام دەپ ئاتالغان بولۇپ، 1904 ـ يىلى شەھيار بازىرى قۇملۇق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئائىلىسىدە بىر مەزگىل بىلىم ئالغاندىن كېيىن، كۇچاردىكى ساقساق مەدرىسىگە بېرىپ مۇسايىپ دامولامدا ئوقۇغان. 1921 ـ يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ بىلىم ئالغان بولۇپ، دېيىلىشىچە كۆپ ۋاقىتلاردا «تاماق ئەتسەم ۋاقىت كېتىدۇ» دەپ ئۇماچ چېلىپ بورىنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈۋېلىپ، ھەر قېتىمدا كېسىپ يەپ ناھايىتىمۇ تىرىشىپ ئوقۇغان ۋە شۇنىڭغا لايىق بەك تېز باشقا تالىپلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ خەلپەت بولغانلىقتىن شېرىپ خەلپىتىم دەپ ئاتالغان ئىكەن. (كېيىن قەشقەردە قالغان ئوغلى بەدىردىن شېرىپكە بىر ساتىراش ئۇستام «شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ چېچىنى مەن ئېلىپ قوياتتىم، ساتىراشخانىغا كىتاب كۆتۈرۈپ كىرەتتى، مەن چېچىنى ئېلىۋەتسەمۇ توختاپ تۇرسىلا، كىتابقا بىر قارىۋالاي، دەپ تۇرىدىغان ئىنسان ئىدى» دەپ تەرىپلەپ بەرگەن ئىكەن).
شېرىپ خەلپىتىم شۇ زامانلاردا تۈركىيەدىن كەلگەن بىر نەچچە ئەپەندىدىن پەننى بىلىملەرنى ئالغان بولۇپ، سىياسەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا، فىزىكا ۋە خىمىيە پەنلىرىدىن ئاساس سالغانلىقى كېيىنكى كونسپېكلىرىدىن ۋە تالىپلىرىنىڭ ئەسلىمىسىدىن بىلىنمەكتە.

شېرىپ خەلپىتىم 1931 ـ يىلى شەھيارغا قايتىپ كېلىپ ئۆيلەنگەن ۋە پاتىمە ئىسىملىك بىر قىزى تۇغۇلغان. 1932 ـ يىلى قەشقەردىكى دوستلىرى شېرىپ دامولامنى جىددىي چاقىرتقاچقا، ئايالىغا «ھايات ماماتلىق سەپەرگە ماڭدىم، بىر يىلغىچە كېلەلمىسەم باشقا ئەرگە تەگسە بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا شەرتلىك تالاق بېرىپ قەشقەرگە كەتكەن ۋە بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جەڭچىلىرىدىن بىرى بولغان.

1933 ـ يىلى، شەھيار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولغان شېرىپ دامولامنىڭ ئاتىسى ئىمىن مۇپتى ۋە ئىمىن مۇپتىنىڭ دوستى ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم قەشقەرگە بېرىپ جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقاندا، شېرىپ دامولام قەشقەردە ئوقۇۋاتقان 50 تىن ئارتۇق شەھيار، كۇچار ۋە باي تەۋەسىدىن كەلگەن ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ قوغدىغۇچىلىق قىلغان. جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغان يىلى قىشتا شېرىپ دامولام جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىدىكى بەزى ئىشلاردىن رايى سوۋۇپ، «بىز خەققە ئەسكەردىن بەكرەك مۇئەللىم لازىمكەن» دەپ ئەسكەرلىكتىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، «ئەسكەرلىكتىن قاچتىڭ» دەپ جۇمھۇرىيەت ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قىيناقتا ئۇچرىغان ۋە سوراقتا چاقىرغاندا مەخمۇت سىجاڭغا ئىلتىماس

قىلىپ قەشقەر يېڭى شەھەرنىڭ قارلۇق دېگەن يېرىگە تونۇشلىرى پۇل چىقىرىپ سالغان مەكتەپكە مۇئەللىم بولغان ئىكەن.

شېرىپ خەلپىتىم ئۇ مەكتەپتە ئىسلامى بىلىملەرنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال دەرس بەرگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، قۇياش سىستېمىسى، پەسىللەر ۋە كېچە كۈندۈز ئالمىشىشى ھەققىدىكى رەسىملىك سىزمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كونسپېكتلىرىدىن، ئۇنىڭ جەدىتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنى، تەۋھىد، ھەدىس، مەنتىقە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا، مېدىتسىنا ۋە دۇنيا سىياستى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

شېرىپ داموللامنىڭ ئاتىسى ئىمىن مۇپتى جۇمھۇرىيەت تەرىپىدىن شەھيارغا مۇپتى قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ 1937 ـ يىلى خوجا نىياز ھاجى چاقىرغان يىغىنغا بېرىپ قولغا ئېلىنىپ، ئۆي ـ زېمىنى مۇسادىرە ـ مۇھاسىرە قىلىنغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئائىلىدىكى كىچىكى 6 ئايلىق بولغان بالىلىرى ئىگىسىز قالغاندىن كېيىن (شېرىپ دامولامنىڭ بۇ ئىنى ـ سىڭىللىرى كېيىن شېرىپ دامولامنىڭ فامىلىسى بىلەن مىجىت شېرىپ، ئابدۇرېشىت شېرىپ، ھېپىزەم شېرىپ دەپ ئاتالغان)، ئىمىن مۇپتىنىڭ ئاتىسى ئەرشىدىن قۇملۇقنىڭ دوستى، يۇز ياشلارغا بېرىپ قالغان ئەلابەگ، ئىمىن مۇپتى ئائىلىسى بىلەن بولغان دوستلۇقى تۈپەيلىدىن ئائىلىدىكى كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسىنى قايلور ئېگەرچىدىكى زېمىنىغا يەرلەشتۈرۈپ، ئىمىن مۇپتىنىڭ ئوغلى ـ شۇ ۋاقىتتا قەشقەر يېڭىشەھەردە مۇئەللىم بولۇپ تۇرىۋاتقان شېرىپ خەلپىتىمگە خەت ئەۋەتكەن.

ئاتىسى ئىمىن مۇپتىنىڭ يىغىنغا كەتكەن پېتى تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئائىلىسىنىڭ ئاختۇرۇلۇپ ۋەيران قىلىنغانلىقى، كىچىكى 6 ئايلىق بولغان ئىنىلىرىنىڭ باشسىز قالغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، شېرىپ خەلپىتىمنىڭ قەشقەردە ئالغان ئايالى ھامىلدار بولۇپ، ئايالىغا «بالا ئوغۇل تۇغۇلسا بەدىردىن، قىز تۇغۇلسا سائادەتخان قويۇڭ» دەپ بىر باغاقچە قالدۇرۇپ قويۇپ شەھيارغا كەتكەن (بۇ باغاقچىنى شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ 1938 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاپىسىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان ئوغلى بەدىردىن شېرىپ ساقلىغان).

شېرىپ خەلپىتىم شەھيارغا بارغاندىن كېيىن ئەلابەگنىڭ قىزى ھەجەرخان بىلەن توي قىلغان بولۇپ، قەشقەردە قالغان ئايالى تۇغۇتتىن قوپقاندا شېرىپ دامولامنىڭ پىچىقى بىلەن ئۇنىڭ «شەھياردا ئىگە چاقىسىز تۇغقانلىرىم بەك كۆپكەن، مەن قايتالمىغۇدەكمەن، توينى قىلىۋالسۇن» دېگەن سۆزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە 11 يىل ساقلاپ ئاندىن توي قىلغان ئىكەن.

شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىم شەھيارغا كەلگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋەيران قىلىنغان، جۇمھۇرىيەت مەزگىللىرىدە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى قىلىنغان ئۆي ـ زېمىنى، شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن يېڭى ھاكىم تەرىپىدىن ئىشخانا قىلىۋېلىنغانلىقتىن (بۇ ئۆينىڭ ئورنى ھازىرقى شەھيار ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىناسى بار ئورۇن شۇ بولۇپ، ھازىرقى خىتاي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى شېرىپ داموللامنىڭ مەدرىسە قىلىنغان بېغى ئىكەن) قايلورغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغان. شۇ چاغدا گۈلباغ ئاقرىققا قاراشلىق بوزدۆڭدىكى ئىسمائىل ئىمىن دېگەن كىشى: «مېنىڭ ئىمىن مۇپتىغا قەرزىم بار ئىدى. قەرز تۆلەپ بولغۇچە ئىمىن مۇپتىغا خىتاينىڭ كۆزى تەگدى، ھازىر مېنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولدى، ئۇ دۇنيادا قەرزىم تۇتىمسۇن، قەرز قايتۇرغىنىم بولسۇن» دەپ، 600 مو ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يېرىنى شېرىپ ئاخۇن داموللامغا يەر خېتى ۋە باج ـ پىراق تارىخ ھۆججەتلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىكەن.

شېرىپ خەلپىتىم ئاتىسىدىن قالغان ئازراق ئۆتنە ـ يېرىملارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، باش بولۇپ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ ھازىرقى شەھيار خەلق بانكىسىنىڭ ئورنىدىكى چوڭ خانىقادا ئىككى قەۋەتلىك مەدرىسە سېلىپ ئىلىم ئۆگىتىشنى باشلىغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ شەھياردا شېرىپ داموللام دەپ مەشھۇر بولۇشقا باشلىغان. تالىپلىرىدىن كېيىن شەھيار 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولغان ئىبراھىم ھاجىم، كېيىنكى يىللاردا تالىپ تەربىيەلەپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان قاسىم توقا، ئاقيول داموللام، مىجىت ئاخۇن خەلپىتىم، مەھمۇد قارىھاجىم، شۈكۈر ئاخۇن خەلپىتىم، مۆمىن قارىم، ئايۇپ قارىم قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەممىسى پارس، ئەرەب تىللىرىدا، تەۋھىد ۋە مۇكەممەل دىنى بىلىم، پەننى بىلىملەردىن ئۇنىۋېرسال ئاساسىي ساۋات ئالغان.

1980 ـ يىللاردىن كېيىن شەھيار قايلوردا تالىپ تەربىيەلەپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان قاسىم داموللا قارىھاجىمنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، 1940 ـ يىللاردا، شەھيار قايلورلۇق بولغان بۇ كىشى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەندە «شېرىۋاخۇن خەلپىتىم قەشقەردە بار ئىلىمنىڭ ھەممىنى ئەكەتتى، جاننى قىيناپ مۇساپىر بولماي شېرىۋاخۇن خەلپىتىمدە ئوقۇسىلىمۇ ئوخشاش» دېگەن تەۋسىيەنى ئاڭلاپ شەھيارغا كېلىپ شېرىپ داموللامدا ئوقۇغان ئىكەن. (ھازىرقى ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئاتاۋۇللا شەھيار قاسىم داموللا قارىھاجىمنىڭ تالىپلىرىدىن بىرى بولىدۇ).

1949 ـ يىلى شەھياردىكى بىر قىسىم كىشىلەر «كوممۇنىستىك پارتىيە كېلىدىكەن» دەپ چەتئەلگە ماڭغان ۋە شېرىپ دامولامنى چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغىنىدا شېرىپ دامولام: «مېنىڭ جېنىم

**جەڭدىن ئېشىپ قالغان مۇكاپات جان، كوممۇنىست خىتاي كەلسە سولغىلى ئادەم لازىم بولار، ۋەتىنىمدە ئۆلەي» دەپ قېلىپ قالغان ئىكەن.**

**1951 ـ يىلى شېرىپ داموللام تارىخى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تارتىپ چىقىرىش دولقۇنى ئاستىدا نەزەربەنىدكە ئېلىنغان بولۇپ، بۇرۇنقى ئاتا مىراس قالغان زېمىنلىرى، ھەتتا بوزدۆڭدىكى تېرىلغۇ يەرلىرىدىن تارتىپ ھېچنېمە قويماي مۇسادىرە قىلىنىپ ئۆزى بۇگۈرلۈك ئابلىز چىڭگىزخان داموللام قاتارلىق كىشلەر بىلەن بىللە قەشقەرگە ئاپىرىپ سىياسىي ئۆگىنىشكە سېلىنغان.**

**1971 ـ يىلى شېرىپ دامولىلام شەھيار قاماقخانىسىغا قامىلىپ، 1972 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتۈن بەدەنلىرى جاراھەت بىلەن تولغان، ماغالمايدىغان ھالىتىدە ئائىلىگە كېپىلگە بېرىلگەن بولۇپ، ئائىلىگە بېرىلىپ 43 كۈندىن كېيىن (1972 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) ۋاپات بولغان ۋە ئۆزىگە تەۋە تېرىلغۇ يەرنىڭ بېقىنىدىكى قۇم دۆڭگە دەپنە قىلىنغان (ھازىر بۇ قەبرىستانلىق شېرىپ دامولام قەبرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ). كېيىنكىلەرنىڭ ئەسلىشىچە، شېرىپ دامولامنىڭ نامىزىغا كەلگەنلەر 10 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ كىشلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھۆكۈمەت «شەھيارلىقلار ئىسيان قىلىدىغان بولدى» دەپ ساقچى ئېلىپ چىققان ئىكەن.**

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز تەييارلىدى




# ئۆزى كىچىك، غايىسى چوڭ دۆلەت

## قاتار

# ئۆزى كىچىك، غايىسى چوڭ دۆلەت — قاتار

دۇنيا خەرىتىسىدە ئاران بىر چېكىتچىلىك كۆرۈنىدىغان قاتارنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرى ئۆز جۇغدىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ «كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىم» دېگەندەك كۆپلىگەن كۆرسەتكۈچلەردە، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇنداقتا، بۇ دۆلەتنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى زادى قانداق؟ ئۇ قانداق تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن؟ بۈگۈن بىز بۇ ھەقتىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمىز.

ئىسمى: قاتار دۆلىتى. «قاتار» دېگەن بۇ ئىسىم ئەرەبچىدىكى «يامغۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قطر» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئېيتىلىشىچە بۇ يەر مىلادى 50 ـ يىلىدىن تارتىپلا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئورنى: ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتا سەئۇدىي ئەرەبىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. سەئۇدىي ئەرەبىستان قاتارنىڭ بىردىنبىر قۇرۇقلۇق ئارقىلىق چېگرىلىنىدىغان قوشنىسى بولۇپ، قالغان ئۈچ تەرىپى پارس قولتۇقى تەرىپىدىن ئورالغان. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا بەھرەين، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدە سەئۇدىي ئەرەبىستان، شەرقىدە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، شىمالىدا ئىران بار.

نوپۇسى: ئۈچ مىليون 59 مىڭ (2022 ـ يىلى)، بۇنىڭ ئىچىدە 99.1 پىرسەنتى شەھەر ئاھالىسى بولۇپ، يېزا ئاھالىسى ئاران 0.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسنىڭ مىللەت تەركىبى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىغا كۆرە، يەرلىك قاتارلىقلار ئۆز دۆلىتىدە «ئاز سانلىق» ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئاران 11.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1970 ـ يىللىرى باشلانغان ئىقتىسادىي ئېشىش سەۋەبلىك، ئېغىر دەرىجىدە چەتئەللىك ئىشچىلارغا تايىنىدىغان ئىگىلىك ئەندىزىسى ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىر بۇ يەردىكى چەتئەللىك ئىشچىلار — بولۇپمۇ پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئىراندىن كەلگەن — يەرلىك كىشىلەرگە قارىغاندا بەكلا كۆپ.

پايتەختى: دوھا. قاتارنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ شەھەر ئۆز نۆۋىتىدە قاتارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ۋە تىجارەت مەركىزى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمى ۋە يەرلىك قاتارلىقلارنىڭ 99 پىرسەنتى مۇشۇ شەھەردە ياشايدۇ.

تىل: دۆلەت تىلى ئەرەبچىدۇر. ئىنگلىزتىلىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. چەتئەللىكلەر ئارىسىدا پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**دىن:** رەسمىي دۆلەت دىنى ئىسلامدۇر. لېكىن، 2010-يىلدىكى ستاتىستىكىغا كۆرە، نوپۇسنىڭ 67.7 پىرسەنتى مۇسۇلمان، 13.8 پىرسەنتى خرىستىيان، 13.8 پىرسەنتى ھىندى، 3.1 پىرسەنتى بۇددىستتۇر.

**يەر كۆلىمى:** شىمالدىن جەنۇبقا تەخمىنەن 160 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە سەكسەن كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئاران 11 مىڭ 627 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەكىت ناھىيەسىنىڭكىدىن (ئون مىڭ 883 كۋادرات كىلومېتىر) ئازراقلا چوڭ چىقىدۇ.

**قىسقىچە تارىخى:** ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئاساسەن قۇملۇق بىلەن قاپلانغان بۇ كىچىك يېرىم ئارالدا قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، نوپۇسى ئىزچىل شالاڭ ئىدى. ئىسلام گۈللىنىپ ھەر تەرەپكە يېيىلىشقا باشلىغاندا، بۇ يەر ئىسلام خەلىپىلىكىگە تەۋە بولغان. كېيىنكى دەۋرلەردە يەرلىك قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان قاتار ئاساسلىقى بېلىقچىلىق ۋە ئۈنچە-مەرۋايىت تېجارىتىگە تايىناتتى. 1878-يىلى قاتار ئۆچۈن بىر مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. قاتارنىڭ قوشنىسى بولغان بەھرەين ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، قاتارنىڭ زېمىنىغا كۆز تىككەندىن (قاتار بىلەن بەھرەين ئارىسىدىكى زېمىن ماجىراسى 2001-يىلى ئاندىن تولۇق ھەل قىلىندى) كېيىن، شەيخ مۇھەممەد بىن سانى قاتاردىكى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ دۆلەتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالغان. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان قاتار ئەمىرى ئوسمانلىنىڭ بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇشىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئوسمانلىغا تەۋە رايونغا ئايلانغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نۇرغۇن سەپتە جەڭ قىلغان ئوسمانلى ئارقا-ئارقىدىن زېمىنلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا باشلىغان ۋە 1916-يىلى قاتارغا بولغان ئىگىدارچىلىقىدىن ۋاز كەچكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، قاتار ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۆرلۈك سۈيىقەستلەرنى پىلانلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئىچكى نىزاغا پاتۇرغان ئەنگلىيەنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن.

دۇنيا مىقياسىدا ئۈنچە-مەرۋايىتنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئاساسلىقى ئۈنچە-مەرۋايىت تىجارىتىگە تايىنىدىغان قاتار ئىقتىسادىي مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەن. 1939-يىلى بۇ يەردە تۇنجى نېفتلىك بايقالغان ۋە ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1949-يىلى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، قاتارنىڭ ئىقتىسادى بېلىقچىلىق ۋە ئۈنچە-مەرۋايىت تىجارىتىنى ئاساس قىلىشتىن، ئېنېرگىيەگە تايىنىشقا ئۆزگەرگەن.

1968-يىلى ئەنگلىيە پارس قولتۇقىدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، قاتار 1971-يىلى مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن.

**نېفت ۋە تەبىئىي گاز سانائىتى:**

بۇ قاتاردىكى ئىككى چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ بولۇپ، بۇ يەردە 1971 ـ يىلى تەبىئىي گاز بايقالغان. لېكىن، ئۇ چاغلاردىكى شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلى تەبىئىي گازنى ئېكسپورت قىلىش نېفت ئېكسپورت قىلىشقا قارىغاندا كۆپ قىيىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، قاتار شۇنىڭدىن 26 يىل كېيىن، ئاندىن غايەت زور مىقداردىكى بۇ تەبىئىي گاز بايلىقلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. 1997 ـ يىلى قاتار ئەمىرى هامماد بىن خەلىفە نېفت ئىشلەپچىقىرىشىغا زىيادە تايىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز ئېكسپورتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن مىلياردلاپ دوللار سەرپ قىلىپ، قاتارنى دۇنيادىكى غوللۇق سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز ئېكسپورتچىسىغا ئايلاندۇرغان. قاتار هازىر بايقالغان تەبىئىي گاز زاپىسى جەھەتتە دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 21 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، تەبىئىي گازدىن قىلىنىدىغان كىرىم نېفت كىرىمىدىن ئېشىپ، قاتارنىڭ GDP سىدىكى بىرىنچى چوڭ مەنبە بولۇپ قالدى.

**ياسىمچىلىق:**

قاتار سانائەتلىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ياسىمچىلىق ساھەسىدىكى چوڭ شىركەتلىرىدە ئاساسەن دۆلەت بىلەن چوڭ چەتئەل شىركەتلىرى ئورتاق پايغا ئىگە. مەسىلەن، «قاتار نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتى»نىڭ كۆپ قىسىم پېيى هۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئاز بىر قىسىم پېيى فرانسىيە شىركىتىنىڭ ئىلكىدە. نۆۋەتتە ئەسلىدىكىدەك ئۇن ۋە سېمونتلارنى ئىمپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇن پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېمونت ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىمۇ راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

**پۇل مۇئامىلە:**

قاتار مەركىزىي بانكىسى 1993 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۆلەتنى بانكا فۇنكسىيەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە دۆلەت پۇلى، يەنى قاتار رىيالىنى تارقىتىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى سودا بانكىسى، تەرەققىيات بانكىسى ۋە (تىجارەت جەھەتتە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان) ئىسلام بانكىلىرى قاتارلىق بانكىلاردىن سىرت، ئىجازەتنامە ئالغان چەتئەل بانكىلىرىنىڭمۇ قاتاردا تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. قاتار دۇنيادىكى 14 ـ چوڭ مەبلەغ سالغۇچى دۆلەت بولۇپ، ئۇ چەتئەللەردە ئۆي ـ مۈلۈك، پۇل مۇئامىلە، ساياھەتچىلىك، پارچە سېتىش قاتارلىق خىلمۇخىل ساھەلەرگە جەمئىي 335 مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان.

سودا:

مېخانىك ئەسلىھەلەر ۋە توشۇش ئۈسكۈنىلىرى، مەمۇلات (تەييار مەھسۇلات)، يېمەكلىك ۋە تېرىك هايۋانلار قاتارنىڭ ئاساسلىق ئىمپورت ئوبيېكتلىرىدۇر. سۈيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز، خام نېفت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفت ئېكسپورت قىممىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكا، خىتاي، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارنىڭ ئاساسلىق ئىمپورت مەنبەلىرىدۇر. ياپونىيە، كورېيە ۋە ھىندىستان بولسا قاتارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېكسپورت مەنزىللىرىدۇر. ياپونىيە قاتاردىن ئەڭ كۆپ مەھسۇلات ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى قاتاردىن نېفت ۋە نېفت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدۇ.

دېھقانچىلىق ۋە بېلىقچىلىق:

ھۆكۈمەت ئۈسۈمسىز قەرز ياردىمى ئارقىلىق بېلىقچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ساھەلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى يەنىلا پەۋقۇلئاددە تۆۋەن. مۇنبەت تۇپراقلارنىڭ ۋە تاتلىق سۇنىڭ قىسلىقى دېھقانچىلىقنى زور چەكلىمىگە ئۇچراتقان بولغاچقا، زۆرۈر يېمەكلىكلەرنىڭ زور قىسمى ئىمپورت قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىر تەرەپ قىلىنغان پاسكىنا سۇ ۋە تۇزسىزلاندۇرۇلغان سۇنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىش نەتىجىسىدە، قاتاردىكى خورما، قوغۇن قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ، شۇنداقلا پەمىدۇر، كاۋا ۋە پىيدىگەن قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولغان بولۇپ، قاتار ھازىر بۇلارنى پارس قولتۇقىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدۇ. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، گۆش، دانلىق زىرائەت ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئېشىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، قاتار زېمىنىنىڭ پەقەت بەش پىرسەنتىلا دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىلگىرى قاتارنىڭ تۆۋرۈك كەسپلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋايىتچىلىق ھازىر ئاساسەن يوقالغان بولۇپ، بۇنىڭغا ياپونىيەنىڭ بۇ ساھەدىكى مونوپوللۇق ئورنى سەۋەب بولغان. بېلىقچىلىق جەھەتتە، قاتارنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىق پاراخوت ئەترىتى بار بولۇپ، ئۇلار 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ تىجارەت مەقسىتىدىكى بېلىقچىلىققا ۋە راك تۇتۇشقا كۈچەشكە باشلىغان.

ساغلاملىق ۋە پاراۋانلىق:

بۇ دۆلەتتە ھەركىم ھەقسىز داۋالىنىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت يەرلىك ئەرەب ئائىلىلەرگە ھەرئايدا ئوتتۇز مىڭ دوللار تارقىتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي تاپاۋىتىدىن باج ئېلىنمايدۇ. توك، سۇ، گاز ھەقسىز. قاتاردا ئىشسىزلىق نىسبىتى ئارانلا تۆت پىرسەنت. ھۆكۈمەت يەنە «ياشلار پاراۋانلىقى» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، مەخسۇس ياشلارغا ئاتاپ چىنىقىش ئەسلىھەلىرى دېگەندەك ھەرخىل نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈلتۈر كۇلۇبلىرىنى قۇرغان.

مائارىپ:

ئالتە ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان بارلىق پۇقرالار ئۈچۈن مائارىپ ھەقسىز، لېكىن مەجبۇرىي ئەمەس. ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ سىنىپى ئايرىلغان. قاتار مائارىپقا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجراتقان بولۇپ، ئوقۇغۇچى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سېلىنمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

شۇنداقلا، قاتارنىڭ مائارىپ سىستېمىسى شىددەت بىلەن زورايماقتا. 1973 ـ يىلى بىرى ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى، يەنە بىرى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەيدىغان ئىككى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان ۋە 1977 ـ يىلى بۇ ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ «قاتار ئۇنىۋېرسىتېتى» قىلىپ تەسىس قىلىنغاندى. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتمۇ داۋاملىق زورىيىپ، 1985 ـ يىلى دوھادا يېڭى مەكتەپ رايونلىرى قۇرۇلغان. قاتارنىڭ رايوندىكى ئاساسلىق تەتقىقات مەركىزىگە ئايلىنىش ئىستىكى دوھا شەھەر ئەتراپىدىكى كۆپ ئۇنىۋېرسىتېتتىن تەركىب تاپقان «مائارىپ شەھىرى»نىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ۋىرگىنىيە فېدېراتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋېيىل كورنېل تىببىي ئىنستىتۇتى (كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارمىقى)، كارنېيگ مېلون ئۇنۋېرستىتى، تېكساس A&M ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جورجتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىر قانچە ئامېرىكا مەكتەپلىرى مەزكۇر مائارىپ شەھرىدە ئۆز تارماقلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلار قاتاردا تىببىي ئوقۇش تەييارلىقى ۋە تىببىي تەتقىقات، سودا باشقۇرۇش، خىمىيە، ئېلېكتر ۋە ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى، ئاخباراتچىلىق قاتارلىق پروگراممىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. نۆۋەتتە 15 ياش ۋە شۇنىڭدىن يۇقىرىلارنىڭ ئارىسىدىكى ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى (2017 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكا) ئەرلەرنىڭ 93 پىرسەنت؛ ئاياللارنىڭ 95 پىرسەنت.

تەنتەربىيە:

تۆگە بەيگىسى قاتاردىكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. 2004 ـ يىلى قاتاردا باللارنىڭ تۆگە ھەيدىشى چەكلەنگەندىن كېيىن، قاتارلىقلار تۆگە بەيگىسىدە، يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان ماشىنا ئادەملەرنى تۆگە ھەيدەشكە سالماقتا.

قاتار تەنتەربىيە تۈرلىرى ئىچىدە پۇتبولغا ھەممىدىن بەك كۆچەۋاتقان بولۇپ، قاتاردىكى كۇلۇبلار يىقىن ئون نەچچە يىل مابەينىدە كەسپىي ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ئۆتكەن سابىق داڭدار توپچىلارنى يۇقىرى باھادا تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەنگلىيەدىكى «مانچېستېر شەھىرى» كۇلۇبىغا ئوخشاش نۇرغۇن داڭدار كۇلۇبلار نۆۋەتتە قاتار بايلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا.

قاتار ئۆزىنىڭ ئىزچىل ھالدا پۇتبولغا كۆچىشى نەتىجىسىدە، 2019 ـ يىلىدىكى ئاسىيا لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە ياپونىيەنى 1:3 نەتىجە بىلەن يېڭىپ، ئاسىيا چېمپىيونى بولدى.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يىلنىڭ ئاخىرى «2022 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى» قاتاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، بۇ مۇسابىقە ئۈچۈن پۇتبول مەيدانلىرىنى ياساش قاتارلىق ئىشلارغا جەمئىي 200 مىليارد دوللار سەرپ قىلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ھالبۇكى، 2014 ـ يىلى برازىلىيە دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىگە ھازىرلىق ئۈچۈن 14 مىليارد دوللار سەرپ قىلغان ۋە بۇمۇ خەلقى تەرىپىدىن (زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەن دەپ) قاتتىق تەنقىدلەنگەنىدى.

بۇ مۇسابىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق بىر نۇقتىسى شۇكى، بۇ قېتىملىق دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئوينىلىدىغان لۇسايىل مەيدانىنى ياسىغان «خىتاي تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسمىلىرى» ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى سولايدىغان بىر تۈرمىنى ياسىغان.

قاتارنىڭ باشقا بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى:

* قاتاردا يەكشەنبە كۈنى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھېسابلىنىدۇ، جۈمە ۋە شەنبە كۈنى ھەپتە ئاخىرى ھېسابلىنىدۇ. جۈمە كۈنى، بولۇپمۇ جۈمە نامىزى ۋاقتىدا بارلىق تىجارەتلەر توختىتىلىدۇ.

* بۇ دۆلەتتە ھاراق سېتىش چەكلىنىدىغان بولۇپ، پەقەت چەتئەللىكلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان، ھاراق سېتىش رۇخستى بار بەزى مېھمانخانىلاردا سېتىلىدۇ.

* 2020 ـ يىلى دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەر دۆلەت دەپ باھالانغان، ھېلىھەم دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەر دۆلەتلەردىن بىرى دەپ قارىلىدىغان قاتاردا بىخەتەرلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، كىشىلەردە ئۆينى قۇلۇپلاش ئادىتىمۇ ئانچە ئومۇملاشمىغان.

* ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ تاراتقۇ ئاپپاراتلىرىدىن بىرى بولغان «ئەلجەزىرە» قاتاردا.

* قاتاردا ئورمانلىق يوق.

* قاتار يەر شەكلىنىڭ تۈزلۈكى جەھەتتە مالدىۋىدىن قالسا، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى دېڭىز يۈزىدىن 103 مېتىر ئېگىزلىكتە.

* قاتاردا ئەرلەرنىڭ نوپۇسى ئاياللارنىڭكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

* قاتارلىقلارنىڭ لاچىن ئارقىلىق ئوۋ ئوۋلاشقا ئالاھىدە ھەۋىسى بار.

* قاتاردا ھەر يىلى يامغۇر ياغىدىغان كۈن سانى ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن ئون كۈندىن ئاشمايدۇ.

* قاتار تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 50.4 سېلسىيە گرادۇستۇر (2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى).

* 2019 ـ يىلى ئېچىلغان دوھا مېتروسىنىڭ سائەتلىك تېزلىكى 100 كىلومېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى سۈرئەتى ئەڭ تېز شوپۇرسىز پويىزنىڭ بىرىدۇر.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى




# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىشتىن قاچانغىچە قاچالايدۇ؟

ئەنگېلى دات

# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىشتىن قاچانغىچە قاچالايدۇ؟

ئەنگېلى دات
(بۇ ماقالە دىپلومات ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

خىتاي ھۆكۈمىتى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھەققەمسايىلىرىغا (غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىغا قويغان) شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى رەت قىلغۇزۇش ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە مۇھىم غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. مەزكۇر تەكلىپ ئىككى ئاۋاز پەرقى (يەنى 18گە قارشى 16 ئاۋاز) بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، 16 ـ ئۆكتەبىر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئوتتۇرۇشلۇق ئېچىلىشىغا يول ئاچتى.

گەرچە بۇ نەتىجە مەزكۇر كېڭەشنىڭ سابىق ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى (مىشېل باچېلېت) ئېلان قىلغان ئەيىبلەش دوكلاتىنى تەكشۈرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قىلغان زىيانكەشلىكىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشىنى باستۇرۇش جەھەتتە ھېچقانچە رول ئوينىيالمىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىي جىنايەتلىرى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۇنيا مىقياسىدىكى تاراتقۇ ھېكايىلىرىنى (ئۆزىگە پايدىلىق رەۋىشتە) شەكىللەندۈرۈشكە تېخىمۇ بەك كۈچىدى. «ئەركىنلىك سارىيى» ئالدىنقى ئايدا ئېلان قىلغان «بېيجىڭنىڭ يەرشارىۋى تاراتقۇ تەسىرى: ھاكىمىيەتلەق كېڭەيمىچىلىك ۋە دېموكراتىك قارشىلىقنىڭ كۈچى» ناملىق دوكلاتتا خىتاينىڭ ئوتتۇز دۆلەتتىكى مۇشۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرى باھالانغان. بىز خىتاينىڭ تەنقىدلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە چەتئەلدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، راۋۇرۇس مەبلەغ ئاجراتقانلىقىنى ۋە بەزى ساھەلەردە ئۇتۇق قازىنىشقا باشلىغانلىقىنى بايقىدۇق. لېكىن، يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللاردا خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى كۈتكەنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ ياكى يەرلىك ئاخباراتچىلارنىڭ، پائالىيەتچىلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ قاتتىق ئېتىرازىغا دۇچ كېلىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۇزۇنغا پايلايدىغان ـ پايلىمايدىغانلىقى ھەققىدە گۇمان تۇغدۇردى.

### ئۆزىگە ياقىدىغان ھېكايىلەرنى يېيىش خۇسۇسىدىكى بىر تالاي تاكتىكىلار

خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئالاقىدار تاراتقۇ خەۋەرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشى خىتاينىڭ دۆلەتلىك تاراتقۇلىرى ۋە خىتاي دىپلوماتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتى قاتارلىق ئەنئەنىۋى قاناللار ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، مەزكۇر ئۇرۇنۇش يەنە خىتاي تەشۋىقاتلىرىنى شۇ دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك تاراتقۇلىرى ئارقىلىق پەردازلاش قاتارلىق تېخىمۇ مەخپىي ۋە مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تاكتىكىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار خەۋەرلەر خىتاينىڭ دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ دۆلەت بولغان ھىندونېزىيەدىكى تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر. خىتاي دائىرىلىرى ئىشلەپچىقارغان، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى زور مىقداردىكى مەزمۇنلار، ھەمبەھىرلىنىش ياكى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئارقىلىق ھىندونېزىيەدە تارقىتىلماقتا. مەسىلەن، ھىندونېزىيەنىڭ دۆلەتلىك خەۋەر ئاگېنتلىقى ئانتارانىڭ (Antara) خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى شىنخۇا ئاگېنتلىقى بىلەن مەزمۇن ھەمبەھىرلىنىش كېلىشىمى بار، شۇنداقلا ئانتارا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى دائىم ھىندونېزىيەدىكى باشقا تاراتقۇلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. خىتاينىڭ ھىندونېزىيەدىكى باش ئەلچىخانىسى يەنە غوللۇق دۆلەتلىك ۋە مۇسۇلمان تاراتقۇلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى ھەمدە يەرلىك ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىگە مۇكاپاتلىق ساياھەتكە ئاپىرىشقا مەبلەغ سالغان ياكى تەشكىللىگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بايانلىرىنى تەكرارلىغان. ھىندونېزىيەلىك ئاخباراتچىلار ياكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بۇنداق بايانلىرى يەرلىك خەلقنى تېخىمۇ ئىشەندۇرەلىشى مۇمكىن.

مۇسۇلمان نوپۇسى كۆپ بولغان يەنە بىر دۆلەت مالايسىيادىمۇ خىتاينىڭ دۆلەت خادىملىرى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىشتە ئوخشاشلا قاراتمىلىققا ئىگە تاكتىكىلارنى ئىشلەتتى. ئىنگلىز تىلىدا تارقىتىلىدىغان مەشھۇر «چولپان» گېزىتى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە «خىتاي كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى قوللايدىغان ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر گېزىتنىڭ ئەڭ چوڭ پايچېكى «مالايسىيا خىتاي جەمئىيىتى» بولۇپ، ئۇلار خىتاي بىلەن چۈشىنىش ئەسلەتمىسى (memorandum of understanding) ئىمزالاشقان. ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، مالايسىيادىكى بىر تۈركۈم ئاخباراتچىلار خىتاي دائىرىلىرى تەشكىللىگەن شەرقىي تۈركىستان سەپىرىگە قاتناشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن خىتاينىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان سىياستى ھەققىدە ئىجابىي ماقالىلەرنى يازدى.

خىتاينىڭ گانا، سېنېگال ۋە تۇنىستا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرى 2019-يىلىدىن باشلاپ يەرلىك مۇخبىرلارغا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتكە ئائىت يالغان ياكى

ئازدۇرغۇچى ئۇچۇرلارنى تارقاتتى ـ دە، گانا ۋە سىنىگالدىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار بۇ ئۇچۇرلارنى تەنقىدسىز هالدا، ئۆز پېتى ئېلان قىلدى.

كېنىيە ۋە جەنۇبىي ئافرىقا جەھەتتە، «خىتاي خەلقئارالىق رادىيو ئىستانسىسى» خىتايدىكى ئافرىقالىق مۇخبىرلارنى يالالاپ، ئۇلارغا سىۋاھىلى تىلى ۋە ئېنگلىز تىلىدا شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا «كۈندىلىك خاتىرە» ۋە «ژۇرنال»لارنى يازغۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئافرىقادا تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى پەردازلىدى. دوكلاتىمىزدا يەنە خىتاينىڭ ئەنگلىيە، ئىسرائىلىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى خەلقئارالىق ۋىدىيوچىلارنى هەق بېرىش ئارقىلىق ياكى باشقا ئۇسۇلدا ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى ئۇچۇرلىرىنى يېيىش ئۈچۈن ئىشقا سېلىشۋاتقانلىقىمۇ بايقالدى.

2021 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «خىتاي يەرشارىۋى تېلېۋىزىيە تورى» خىتايدا تۇرغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى بىر قانچە قېتىم زىيارەت قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن لاۋرېن بىيۇموند (Lauren Beaumond) ئىسىملىك فرانسىيەلىك ئاخباراتچىنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى باستۇرۇش هەرىكىتى قىزغىن قوللانغانىدى. ئاخباراتچىلار كېيىن بۇ ماقالىنىڭ ئىلگىرى خىتاينىڭ «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»دا ئىشلىگەن، فرانسىيەلىك سابىق رىياسەتچى تەرىپىدىن يالغان ئىسىمدا يېزىلغانلىقىنى ۋە بۇ ئىسىمنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى بايقىدى. بۇ ۋەقەدە، ماقالىنىڭ چىنلىقى تاراتقۇلارنىڭ كۆچلۈك بەس ـ مۇنازىرىسىنى قوزغىغانلىقتىن، بۇ ئۇرۇنۇش ئاساسەن كۆتكەننىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى.

خىتاي كومپارتىيەسىگە چېتىشلىق ئۇنسۇرلار شەرقىي تۈركىستان هەققىدىكى خەلقئارالىق جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللانغان مەجبۇرلاش خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك تاكتىكىلار تور زوراۋانلىقى ياكى كۆشكۆرتكۈچى يازمىلارنى يوللاش ئارقىلىق تەنقىدلەرنى جىمىقتۇرۇش؛ هەمدە ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا ساختا يازمىلار ئارقىلىق تەنقىدچىلەرنىڭ ساداسىنى باستۇرۇش ياكى ساختا قوللاش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن پۇختا تەشكىللەنگەن تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋستىرالىيەدە، تەتقىقاتچى شۇ شيۇجوڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلغاندىن كېيىن، توردا خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ شىددەتلىك هۇجۇمىغا ئۇچرىغان.

پۇقراۋى جەمئىيەت (civil society) ۋە مۇستەقىل تاراتقۇلار خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى تۇرۇشتا باشلامچى بولدى

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىكى ئاز پەرق بىلەن نەتىجىلەنگەن بېلەت تاشلاشتىن مەلۇم بولغىنىدەك، بېيجىڭنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئۈنۈمى چەكلىك. «بېيجىڭنىڭ يەرشارىۋى تاراتقۇ تەسىرى» دېگەن بۇ دوكلاتتا بايقىلىشىچە، گەرچە بىر قىسىم سىياسىي رەھبەرلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن يول تۇتۇشنى خالىسىمۇ، مۇستەقىل تاراتقۇلار ۋە پۇقراۋى جەمئىيەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاراتقۇلارنى ــــ جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى جەھەتتە ــــ تىزگىنلەش ئۇرۇنۇشىغا قارشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ خىل ئاممۋى تەشكىلاتلارنىڭ قارشىلىقلىرى ئۆز نۆۋىتىدە جامائەت پىكرى بېسىمى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى خىتاينى جىنايەتلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىشقا قىستىيالايدۇ.

مەسىلەن، سېنېگال ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولسىمۇ، سېنېگال خەلقىنىڭ 95 پىرسەنتى مۇسۇلمان بولۇپ، يەرلىك تاراتقۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرگەن. كېنىيەدە، «مۇستەقىل تاراتقۇ كېڭىشى» ئاممۋى تارقىتىش شىركىتى بولمىش «كېنىيە رادىئو شىركىتى»نىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرىنى ئۆز پېتى ئېلان قىلغانلىقىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى. يېقىنقى مەزگىلدە گانادا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارىنىڭ دوكلاتىغا قايتۇرغان ئىنكاسىنى بىۋاستە تارقىتىش ئۇرۇنۇشى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۇتۇق قازىنالمىدى.

ھىندونېزىيە تاراتقۇلىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تەنقىدىي خەۋەر قىلدى ھەمدە خىتاينىڭ جاكارتادىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا بىر قانچە قېتىم نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. مالايسىيادىكى نۇرغۇن مۇسۇلمان زىيالىيلار خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ 2019-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئائىت «غەربنىڭ دوكلاتلىرى» نى ئەيىبلەپ بىر قانچە پارچە ئوبزور يازغانلىقىغا غەزەپ بىلەن ئىنكاس قايتۇردى. مۇسۇلمان پۇقراۋى جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى بىرلەشمىسى بۇ ئايدا كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە (ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسىدە) بېلەت تاشلىنىشتىن ئىلگىرى ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى مەزكۇر مۇنازىرە تەكلىپىنى قوللاشقا چاقىردى (نەتىجىدە، ھىندونېزىيە بۇ تەكلىپكە قارشى بېلەت تاشلىدى؛ مالايسىيا ۋاز كەچتى).

ۋاقىتلىق غەلىبە

ئەڭ ئاخىرىدا، «بېيجىڭنىڭ يەرشارىۋى تاراتقۇ تەسىرى» دېگەن دوكلاتتا تەكشۈرۈلگەن دۆلەتتىن يەتتىسى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى ئاۋازغا قويۇشتا، بېيجىڭنى قوللاپ بېلەت تاشلىغان ياكى ۋاز كەچكەن. ئۇلارنىڭ بەشى ــــ ئارگېنتىنا، ھىندېنوزىيە، مالايسىيا، مېكسىكا ۋە سېنېگال ــــ خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشىغا قارىتا «ئاجىز» دەپ باھالانغان. قالغان ئىككىسى، يەنى برازىلىيە

ۋە ھىندىستان ھۆكۈمەتلىرى بېلەت تاشلاشتىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، بۇ دۆلەتلەر «ئەركىنلىك سارىيى» تەرىپىدىن خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشىغا قارىتا «چىداشلىق» دەپ باھالانغان.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم جەنۋەدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا مىقياسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇللۇق ھوقۇقلىرىنى قوللاش سالمىقى كۆچىيىۋاتىدۇ، ب د ت نىڭ باشقا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بايانلىرى ھەمدە سومالى، ھوندۇراس، پاراگۋاي، ياپونىيە ۋە كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەزكۇر تەكلىپنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

مەزكۇر تەكلىپكە قارشى بېلەت تاشلىغان ياكى بېلەت تاشلاشتىن ۋاز كەچكەن دۆلەتلەردىكى ئاخباراتچىلار ۋە پائالىيەتچىلەر خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەركىنلىكنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. تەتقىقاتىمىز كۆچلۈك دېموكراتىك ئەللەرنىڭ خىتاينىڭ تاراتقۇلارغا بېسىم ئىشلىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئاجىزلاشتۇرالايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى. بۇ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى خىتاي توغرىسىدىكى تۇنجى بېلەت تاشلاش بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقىسى بولۇشى ناتايىن.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2022/10/how-long-can-beijing-avoid-accountability-for-its-abuses-in-xinjiang/




# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى: ختاينىڭ چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۆچىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى سىناق سۇپىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

<u>تۆمۈر يول، تاشيول ۋە ھاۋا يولى ئارقىلىق چېگرا ھالقىپ ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش</u>

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىنىڭ ختاينىڭ چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۆچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆچەيتىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ مانېۋىرلار ختاي ئارمىيەسىنى چېگرا سىرتىدا ئورۇش قىلغۇچى قىسىملارنى توشۇش ۋە ساقلاشنى مەشىق قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ مانېۋىرلارغا قاتنىشىدىغان ختاي خادىملىرىنىڭ سانى 1600 گە يېتىدىغان بولۇپ، بۇ كۆپ دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ياكى يەرلىك بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ ئىسيانىنى تىنجىتىش ياكى ئەنئەنىۋى ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە ھەمدەمدە بولۇشقا يېتىدۇ. تۆمۈريول ۋە تاشيول ئارقىلىق توشۇش ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك پايدىسىدىن سىرت، ختاي ئارمىيەسىنى چەتئەللەردە قورۇقلۇقنى ئاساس قىلغان قوشۇننى يۆتكەش ۋە ساقلاش جەھەتتە قىممەتلىك ئورۇش تەجرىبىسى بىلەن تەمىنلىدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2007 ـ يىلى رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىدا، ختاي ئارمىيەسى تۇنجى قېتىم كۆپ خىل ئارمىيە تۈرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن قىسمىنى ۋە ئېغىر ئەسلىھەلەرنى مانېۋىر مەقسىتىدە چېگرادىن ئۆتكۈزدى، ختاي قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ بىر قانچىلىغان قىسىملىرى تۆمۈر يول ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ختاي ئارمىيەسىدىن ۋاگونلىرىنىڭ چاق ئارىلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ رېلىسلىرىغا ماسلىششىنى ھەمدە مەخسۇس تانكا ۋە برونېلىق («برونې» تىلىمىزغا رۇسچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ھەربىي پاراخوت ياكى برونېۋىكلارغا ئوق ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن سىرتىدىن قاپلىنىدىغان پولات ياكى باشقا قاتتىق مېتاللارنى كۆرسىتىدۇ، «برونېۋىك» ئاتالغۇسى دەل مۇشۇ سۆزدىن ياسالغان، ت) باشقا جەڭ ماشىنىلىرىنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇپا ياساشنى تەلەپ قىلدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2012 ـ يىلىدىكى مانېۋىرىدا، ختاي ئارمىيەسى تۇنجى قېتىم تاشيول ئارقىلىق چەتئەلگە ئۆزىنى سەپەر قىلدى ۋە تاجىكىستاندىكى مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن ئارىلىقتا نەچچە ئونلىغان ھەربىي ماشىنىلارنى جايلاشتۇردى.

تاشيول ترانسپورتى ختاي ئارمىيەسىنى تۆمۈر يول ياكى ئايرودروملارنى ئىشلەتكىلى بولمىغان چاغدىكى قوشۇمچە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ختاي ئارمىيەسى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىدا يەنە مۇقىم قاناتلىق ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن ترانسپورت تىك ئۇچارى ئىشلىتىپ، ئۆز قىسىملىرىنى تۆمۈر يول ۋە تاشيول ترانسپورتىنىڭ ئىمكانلىرىدىن ھالقىغان تېز ۋە ئۇزاق مۇساپىلىق ئورۇنلاشتۇرمىلارنى تەقەززا قىلىدىغان ئەھۋاللار ئۈچۈن تەييارلاندۇردى. 2006 ـ يىلىدىكى ختاي ـ تاجىكىستان مانېۋىرىدا، ختاي ھاۋا ئارمىيەسى بىر ئالاھىدە قىسىمنى تاجىكىستانغا يۆتكىدى، بۇ ئۇنىڭ چەتئەلگە تۇنجى قېتىم مانېۋىر ئۈچۈن بىر قىسىمنى يۆتكىشى ئىدى. ختاي ئارمىيەسى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى قېتىملىق مانېۋىرىغا ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن ترانسپورت تىك ئۇچارى ئەۋەتتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2018 ـ يىلى رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىدا، ختاي ئارمىيەسى چوڭ تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانىدىن ئىككىنى، ئوتتۇرا تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانىدىن ئالتىنى ۋە ترانسپورت تىك ئۇچارىدىن تۆتنى ئىشلەتتى. بۇ ختاي ئارمىيەسىنىڭ بۈگۈنگىچە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى مانېۋىرىدا ئىشلەتكەن ئەڭ زور ترانسپورت ئايروپىلانلىرى تۈركۈمىدەك قىلىدۇ. بۇ ئايروپىلانلار تەخمىنەن 800 ئەسكەرنى توشۇيالايدىغان بولۇپ، بۇ ختاي ئارمىيەسىدىكى بىر باتالىيونغا توغرا كېلىدۇ. گەرچە ختاي ئارمىيەسى دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن چوڭ كۆلەملىك مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن چەتئەللەردىكى بۇ مانېۋىرلار بۇ ختاي ئارمىيەسىنى ئۆز كونتروللۇقىدا بولمىغان ھاۋا بوشلۇقىدا مەشغۇلات قىلىش، چەتئەل دائىرىلىرى بىلەن ماسلىشىش ۋە چەتئەلدە كەڭ كۆلەمدە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى.

## يىراققا يۈرۈش قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىش

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى يەنە ختاي ئارمىيەسىنىڭ يېڭى ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى سىناشتىكى ئاچقۇچلۇق سۇپىدۇر. ختاي ئارمىيەسى 2016 ـ يىلى ھەربىي رايونىدىن ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق قۇرۇلمىسىغا ئۆتكەندىن بۇيان، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىرلارنىڭ كەم دېگەندە ئىككى قېتىملىقىدا مەزكۇر يېڭى قۇرۇلمىنى قوللاندى. مەسىلەن، يېڭى غەربىي ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى ختاي ئارمىيەسىنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2016 ـ يىلى قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىرىغا قاتنىشىشىغا قوماندانلىق قىلدى. بۇ مانېۋىر ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ تۇنجى قېتىم ختاي سىرتىدىكى مانېۋىردا ختاي ئارمىيەسىگە رەھبەرلىك

قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىتاينىڭ ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابلىرىنى خىتاي زېمىنى ۋە دېڭىز ئەتراپىنى قوغداش ھەرىكەتلىرىدىنمۇ ھالقىغان دائىرىدە قوللىنىش غەرىزى بارلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىرغىزىستاندىكى مانېۋىردىن كېيىن، خىتاي تارماق قىسمىنىڭ قوماندانى، شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق قۇرۇلمىسىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىپ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا «ناھايىتى ماس كېلىدىغان»لىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ تەكشى تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ۋە نەق مەيدان ۋىدىيو ئالاقىسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ماختىدى. 2018-يىلى، شىمالىي ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «ۋوستوك» مانېۋىرىغا قاتناشتى. 2016-ۋە 2018-يىللىرىدىكى مانېۋىرلاردا، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى چەتئەلدىكى خىتاي قىسىملىرىنى تېزگىنلەش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى تەسىس قىلدى.

## يىراقتىكى دۈشمەننى تېپىپ، چەتئەل جەڭگاھلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى خىتاينى ناتونۇش مۇھىتتىكى دۈشمەنلەرنى تېپىش ۋە ئىز قوغلاش ھەمدە كەلگۈسى جەڭگاھلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. گەرچە بۇ مانېۋىرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ماھارەتلەرنى مەشىق قىلىشنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، خىتاي بۇ جەڭگاھلاردا توپلىغان تەجرىبە-ساۋاقلارنى باشقا جايدىمۇ ئىشلىتەلەيدۇ. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى باشلانغاندىن بۇيان، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى ۋە قورالLIق ساقچى رازۋېدكا قىسىملىرىنىڭ يەر يۈزى رازۋېدكىسى ئىزچىل ھالدا مەزكۇر مانېۋىرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. كېيىن خىتاي يەنە ھاۋادىن ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە قوماندانلىق ئايروپىلانى (Airborne early warning and command aircraft)، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، تىك ئۇچار ۋە كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى رازۋېدكا ۋە كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە باشلىدى. مەسىلەن، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2010-يىلىدىكى كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىدا، خىتاي ئارمىيەسى ھاۋادىن ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە قوماندانلىق ئايروپىلانىنى بومباردىمانچى ئايروپىلان، كۆرەشچى ئايروپىلان ۋە ماي ئايروپىلاتى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ھاۋا جەڭ گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئىشلەتتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى بەزىدە سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئېلېكترونلۇق رازۋېدكا ۋە نازارەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى. ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئېلېكترونلۇق رازۋېدكا قىلىش ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى خىتاينى ئۆزىنىڭ ياكى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى قوللاش جەھەتتە، دىققەت تارتمايدىغان، قوراللىق ئۇرۇشتىن باشقا ھەربىي تاللاشلار بىلەن تەمىنلىدى، لېكىن ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا

ئەزا باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى. يا.كى. بىخەتەرلىك قىسىملىرىنى. قو.للاش ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئاسا.نلا تەدبىقلىغىلى بولىدۇ.

## چېگرا ھالقىغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى

خىتاي يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر قاتار ئۇزۇن مۇساپىلىك، چېگرا ھالقىغان تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىنى مەشىقلەندۇردى. خىتاينىڭ ئالاھىدە ئۇرۇش قىسىملىرىدا يەنىلا يىراق مۇساپىلىك مەشغۇلات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئايروپىلان كەمچىل بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى قىسقا مۇساپىلىك ۋەزىپە ئۈچۈن مەشىقلەندۇرۇلگەن، ھەمدە چوڭ تىپتىكى قۇرۇقلۇق قىسىم دېۋىزىيەسى ياكى بىرىگادىسىغا يېقىن جايدا ھەرىكەت قىلىشقا تەشكىللەنگەن. ھالبۇكى، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ئارقىلىق، ئامېرىكا ۋە رۇسىيەنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك ھەرىكەت ئىقتىدارىغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. مەزكۇر مانېۋىرلار ئالاھىدە قىسىملار تىك ئۇچار، برونېۋىك ياكى ترانسپورت ئايروپىلانى ئارقىلىق سەپەر قىلىدىغان، شەھەر ئۇرۇشى ۋە تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2003 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى مانېۋىرلىرىدىن بىرىدە، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى قازاقىستاندىكى تەقلىدىي بۇلانغان ئايروپىلاندىن تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى دۆلەت سىرتىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئاز دېگەندە ئىككى قېتىملىق مانېۋىرىدا تەقلىدىي تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2018 ـ يىلى رۇسىيەدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىدا تەقلىدىي تېرورچىلارنى قولغا ئالدى. خىتاي يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىدا، ئالاھىدە قىسىملىرىنى قوللاش ئۈچۈن، قوراللىق ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن زەربە بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار 2014 ـ يىلى خىتايدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ تەرەپلىك مانېۋىردا تۇنجى قېتىم شۇنداق قىلدى. 2019 ـ يىلى، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرى ۋە تاجىكىستان ئالاھىدە قىسىملىرى تەقلىدىي تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇش مەيدانىنى رازۋېدكا قىلىش ۋە تەقلىدىي تېرورچىلار يوشۇرۇنغان جايلارنى نازارەت قىلىشتا خىتاينىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانلىرىنى ئىشلەتتى. باشقا «تېرورچى»لار بۇلارغا ياردەم بەرگىلى كەلگەندە، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان قوماندانلارغا ئۇلارنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەچكە، قوماندانلار كورەشچى ئايروپىلان ۋە زەمبىرەك قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا زەربە بەردى.

تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ئارمىيەسى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا كەلگۈسىدىكى يىراقتا يۈرۈش قىلىپ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ سۈپىتى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت

بېرىدۇ. ختاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان نوپۇزلۇق دەرسلىك كىتابى بولمىش «ھەربىي ئىستراتېگىيە ئىلمى»نىڭ 2015-يىللىق نۇسخىسىغا كۆرە، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مېخانىزمىنىڭ كۆچىيىشى»گە ئەگىشىپ، ختاينىڭ چەتئەلدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىمۇ كۆپىيىدىكەن. ختاينىڭ 2015-يىلىدىكى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نىڭ 71-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ختاي ھۆكۈمىتى «مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن چەتئەلگە خادىملارنى ئەۋەتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلالايدۇ». بۇ ماددىدا مەزكۇر قانۇنغا كۆرە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» دەپ قارىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ تۈرلىرى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»غا كۆرە، ختاينىڭ ئېنىقسىز ۋە چەكسىز «تېررورلۇق» ئېنىقلىمىسى ختاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ قانۇننى باھانە قىلىپ، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەللەردە ياشايدىغان — ھەقىقىي ياكى ئۆز نەزىرىدىكى — تەنقىدچىلىرىنى نىشان قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ختاي قوراللىق ساقچىلىرى يەنە چەتئەلدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە رول ئويناشقا ئۇرۇنىدى، شۇنداقلا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىمۇ بۇ قىسىمنىڭ مۇشۇ خىل ھەرىكەتلەر ئۈچۈن مەشقلىنىشىگە يول قويىدى. ختاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تۆت قېتىم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىغا قاتناشتى. ئەڭ يېقىنقى قېتىم، 2019-يىلىدىكى مانېۋىردا، ختاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىلەن رۇسىيە ئالاھىدە ھەرىكەت قىسىملىرى پويىز بۇلاشقا قارشى تۇرۇش، شەھەر ئۇرۇشى ۋە ھاۋادىن قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىش قاتارلىقلارنى مەشىق قىلدى. بىر مەھەل دۆلەت ئىچىدىكى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقىلا كۈچىگەن قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى نۆۋەتتە ئۆز خادىملىرىنى چېگرا سىرتىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ كويىدا. 2018-يىلى قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئىستىخبارات ئەمەلدارى جاڭ شياۋچى بۇ قىسىمنىڭ چوقۇم «دۆلەت سىرتىدىكى مەنپەئەتنى قوغدايدىغان ئاۋانگارت كۈچ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك كۆرەشتىكى سەرخىل كۈچ» بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

## قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قىسىملىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئەنئەنىۋى ئۇرۇش مەشقلىرى

ئاخىرىدا، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ختاي ئارمىيەسى ئۈچۈن، ئېغىر ئەسلىھەلەر ۋە مۇقىم قاناتلىق كۆرەشچى ئايروپىلانلار ئارقىلىق چەتئەللەردە ئەنئەنىۋى ئۇرۇش مەشقى قىلىدىغان ئۆزگىچە پۇرسەت ياراتتى. بۇ مانېۋىرلاردىكى سىنارىيەلەر «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ياكى باشقا غەيرىي ئەنئەنىۋى ھەرىكەتلەر دەپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، يەنە بەزىدە ختاي ئارمىيەسىنىڭ تانكا-زەمبىرەكلىرىنىڭ قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ قارارگاھىنى قورشىشى ۋە ۋەيران قىلىشنى ھەمدە قوراللىق ئۇنسۇرلار مۇنتىزىم قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى جەريانىدا ئىگىلىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشنىمۇ — گەرچە بۇ

ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولسىمۇ ـــ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، 2018 ـ يىلى رۇسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىردا، تەقلىدىي ئىسلام قوراللىق ئۇنسۇرلىرى ئىشغال قىلىۋالغان بىر يېزىنى قورشاۋغا ئالغان ۋە كونترول قىلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆپ دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تانكىلىرىمۇ بار ئىدى.

خىتاي ئارمىيەسى يەنە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھاۋا ـ قۇرۇقلۇق ئۇرۇشلىرىنى مەشىق قىلماقتا. بۇ مانېۋىرلاردا، خىتاي ئارمىيەسى دائىم بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە كۆرەشچى ئايروپىلان ئارقىلىق ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىپ، قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى قوللايدۇ. بۇلار خىتاينىڭ ئىچىدىن باشلانغان ئىككى قېتىملىق ئۇزۇن مۇساپىلىك چېگرا ھالقىغان بومباردىمان ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن مانېۋىرلارنىڭ سىرتىدا بۇلارنى مەشىق قىلىش پۇرسىتى يوق. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2010 ـ يىلىدىكى مانېۋىرىدا، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ بومباردىمانچى ۋە كۆرەشچى ئايروپىلانلىرى خىتايدىن ئۇچقاندىن كېيىن، ھاۋادىن ماي قاچىلاش ياردىمى ئارقىلىق، قازاقىستاندىكى تەقلىدىي دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەلدىكى مانېۋىردا چېگرا ھالقىپ بومباردىمان قىلىشى ئىدى. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ مۇقىم قاناتلىق ئايروپىلانلىرى 2016 ـ يىلى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قىرغىزىستاندىكى كۆپ تەرەپلىك مانېۋىرىدا يەنە بىر قېتىم چېگرا ھالقىغان ھاۋا ھۇجۇمى قىلدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۇرغۇن مانېۋىرلىرى خىتاي ئارمىيەسى ئايروپىلانلىرىنىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلاشقان ھالدا، تېرورچىلارنىڭ قارارگاھلىرىغا ياكى قوراللىق ئۇنسۇرلار ئىشغال قىلىۋالغان جايلارغا زەربە بېرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قوشۇنلىرىدىن ئۆگىنىش

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئىراقتا يۈرۈش ھەرىكەتلىرى ۋە باشقا جەڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىگە پۇرسەت ياراتتى. بولۇپمۇ خىتاي ئارمىيەسى خىل ھەربىي باردى ـ كەلدىلەر ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ سۈرىيە، ئۇكرائىنا، گرۇزىيە ۋە شىمالىي كاۋكاز رايونىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ. 2016 ـ يىلى، خىتاي قىسمىنىڭ قوماندانى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك مانېۋىرىدىن كېيىن زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا: «رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ <جەڭ يېتەكچىلىكى، تەپەككۇرى ۋە مېتودى>نى قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى» دېدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى خىتاي ـ رۇسىيە ئىككى تەرەپلىك مانېۋىرىغا قاتناشقان يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئوفىتسېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيە

ئارمىيەسىدىن شەھەر ئۇرۇشى ۋە تىك ئۇچار مەشغۇلاتى توغرىسىدا قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۆگەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

يەنە شۇنىمۇ ئاساسەن جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، خىتاي ئارمىيەسى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش ئارقىلىق رۇسىيە ۋە ئامېرىكانىڭ ھەربىي بىلىم ـ ماھارەتلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارمىيەلىرىنىڭ رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن بىللە مەشىق قىلغانلىقى، رۇسىيەدىن قورال ـ ياراغ سېتىۋالغانلىقى ھەمدە رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قانچە ھەربىي بازىسى بارلىقى سەۋەبلىك، بۇ قوشۇنلارنىڭ رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق دۆلەتلەر، يەنى قازاقىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىقلار ئۆتكەن ئون يىلدا ئامېرىكانىڭ تېرورلۇققا قارشى مەشقلەندۈرۈشىنى ۋە ياردىمىنى قوبۇل قىلدى.

## ئامېرىكاغا بولغان تەسىرى

خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى ۋە يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتمەكتە، بۇ خىتاينىڭ چېگرا سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولالايدۇ. خىتاي بۇ مۇناسىۋەتلەردىن ۋە ماھارەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ــ ھازىرچە قوراللىق ساقچىلارنىڭ چارلىشى شەكلىدە بولسىمۇ ــ كىچىك كۆلەمدە ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي يەنە بۇ تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز چېگراسىدىن تېخىمۇ يىراق جايلاردا خىلمۇخىل ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ. ئەگەر تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ياكى چەتئەللىك پۇقرالارنى تارقاقلاشتۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەر خەلقئارا قائىدىلەرگە ۋە ئەڭ ياخشى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلسا، خەلقئارا بىخەتەرلىككە تۆھپە قوشالايدۇ ۋە ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئوخشاش ھەرىكەتلەر رىقابەت تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلسا، ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسلىق سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاندىكى يىراقتا يۈرۈش قىلىش ھەرىكەتلىرى ۋە ھەربىي مەۋجۇتلۇقى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ھەربىي خىرىس ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئىلگىرى خىتاي ئارمىيەسى ئامېرىكانىڭ يېقىن جايلاردىكى ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشقىلى ئۇنىمىغان ۋە ھەدەپ كاشىلا تۇغدۇرغانىدى. مەسىلەن، 2015 ـ يىلى، خەلقئارا جەمئىيەت نېپالدىكى يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، خىتاي ئارمىيەسى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ماسلاشقىلى ئۇنىمىغان. ھالبۇكى بۇ تىرىشچانلىقلار يەر تەۋرەشكە ئۇچرىغانلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى مۇمكىن ئىدى. ئامېرىكا ۋە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئوخشاش تېرورلۇق تەشكىلاتىغا قارشى ھەرىكەتلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تەرزدە ئامېرىكانىڭ ھەرىكەتلىرىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق كۆچلەنگەن چېگرا سىرتىدا ھەربىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارى خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاندىن ھالقىغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە ئاساس سالىدۇ. خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مانېۋىرلىرى ئارقىلىق، تۆمۈر يول ۋە ھاۋا يولى ئارقىلىق ئۆز چېگراسىدىن نەچچە مىڭ مىل يىراقلىقتا قوشۇن ۋە ئېغىر ئەسلىھەلەرنى توشۇش تەجرىبىسىگە ئېرىشتى. خىتاي بۇ مانېۋىرلاردىن ئۆگەنگەن دىپلوماتىك ۋە ھەربىي ماھارەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز چېگراسىدىن بەكلا يىراقتىكى، مەسىلەن ئافرىقادىكى ـــ خىتاينىڭ بۇ يەردە مۇستەھكەم دىپلوماتىك تايانچ بازىسى ۋە بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقان ھەربىي مەۋجۇتلۇقى بار ـــ دۆلەتلەرگە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرمىلار ئامېرىكا قوراللىق كۆچلىرىنىڭ يەرشارىۋى كرىزىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى چەكلەپ، ئامېرىكانى ھىندى ـ تىنچ ئوكياننىڭ سىرتىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان خىتاي ئارمىيەسى بىلەن دوقۇرۇشۇشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت، شۇ جەھەتتىمۇ زور خەۋپ مەۋجۇتكى، خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا قوراللىق كۆچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 2005 ـ يىلدىكى باشلىقلار يىغىنىدا باياناتى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى بازىلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ئېنىق ۋاقىت بېكىتىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ بېسىمى ئۆزبېكىستاننىڭ شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكانى كارشى ـ خانئاباد ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىن چېقىرىۋېتىش قارارىغا تۆرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا، ئامېرىكا بۇ بازىنى ئافغانىستاندىكى ھەرىكەتلەرگە ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقانىدى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىششكە ھېرىس بولسىمۇ ھەمدە خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك ياردىمىگە ھەددىدىن زىيادە تايىنىپ قېلىشنى خالىمىسىمۇ، ئەمما ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن باشقا دۆلەتلەرگە قىلىدىغان بىخەتەرلىك ياردىمى 2012 ـ يىلدىكى 497 مىليون دوللاردىن 2020 ـ يىلى 41 مىليون دوللارغا چۈشۈپ، تەخمىنەن 92 پىرسەنت ئازىيىپ كەتتى. ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشكە ئەگىشىپ، خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرى ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كېتىۋېرىشى مۇمكىن. بۇ خىل يۈزلىنىش قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندا ئاللىقاچان روشەنلىشىپ بولدى. 2016 ـ يىلدىكى راي سىناشتا كۆرسىتىلىشىچە، زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ زور بىر قىسمى، خىتاينىڭ ئاسىيادىكى نوپۇزى ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ قارىغان. تېخىمۇ كۆپ نىسبەتتىكى كىشىلەر خىتاينىڭ (بۇ رايوندىكى) تەسىرى داۋاملىق كۆچىيىپ، ئامېرىكانىڭ تەسىرى داۋاملىق تۆۋەنلەيدۇ، دەپ قارىغان.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 2020 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلغان ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستراتېگىيەسىگە كۆرە، ۋاشىڭتوننىڭ بۇ رايوندىكى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش (يەنى مەيلى رۇسىيەگە، ياكى خىتاي بولغان بېقىندىلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ت) بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا رايوندىكى تېرورلۇققا قارشى

**تۇرۇش، ئافغانىستاننىڭ مۇقىملىقى، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا مەنپەئەتلىرىمۇ بار. خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى ھەمىشە بۇ نىشانلارغا زىت كېلىدۇ. مەسىلەن، خىتاينىڭ 2019-يىلىدىكى مۇداپىئە ئاق تاشلىق كىتابىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى»نى قۇرۇشقا كۆچەۋاتىدۇ، دېيىلىدى. ھالبۇكى، بۇ (يەنى «ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى» ئۇقۇمى) مەزكۇر تەشكىلاتنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاينى مەركەز قىلغان دۇنيا تەرتىپى بەرپا قىلىش نىشانىغا باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇدۇر. خىتاي ئۆزىنىڭ تەسىر كۆچىدىن پايدىلىنىپ كەم دېگەندە بىر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان بولۇشى مۇمكىن. تاجىكىستان 2010-يىلى پامىر تېغىدىكى خىتاي ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان 1515 كۋادرات كىلومېتىر (447 كۋادرات ئىنگلىز مىلى)دىن ئارتۇق يەرنى خىتايغا بۆلۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئىگىلىنىشچە، خىتاي بۇنىڭ بەدىلىگە تاجىكىستاننىڭ ئاشكارىلانمىغان مىقداردىكى قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن (يەنى دۆلەت زېمىنى پۇلغا سېتىلغان، ت). تاجىكىستان شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز تۇپرىقىدا ھەربىي قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىشىغا يول قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ خىتايغا ھېلىھەم پەۋقۇلئاددە كۆپ قەرزى بار.**

**خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا زەربە بېرىشىمۇ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە زىت. مەسىلەن، 2010-يىلى، خىتاي بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسىنىڭ قاتنىششى پىلانلانلانغان كىنو فېستىۋالىغا مۇداخىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، قىرغىزىستان دائىرىلىرى خىتاينىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئىشلىگەن كىنونى قويۇشنى چەكلىدى. بۇ قىلمىشلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي ئۆز غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ جەرياندا دېموكراتىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە، كىشىلىك ھوقۇققا ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.**

**(تۈگىدى)**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


s from
e Marble
مسلىسىز ئۇيغىنىش
ئوكسفورد تارىخچىسىدىن يېڭى يىپەك
يولىغا نەزەر
پېتىر فرانكوپان

# ئوكسفورد تارىخچىسىدىن يېڭى يىپەك يولىغا نەزەر[1]

## پېتېر فرانكوپان[2]

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**ئۆتكەن ئوتتۇز يىلدا، قاتناش تۈگۈنلىرى ۋە ترانسپورت غول لىنىيەلىرىمۇ زور كۆلەمدە كېڭەيدى. ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشلىرىغا نۇرغۇن مەبلەغ سېلىنغاندىن كېيىن، 7000 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى «چوڭچىڭ ـ شەرقىي تۈركىستان (ئالاتاۋ ئېغىزى) ـ ياۋروپا خەلقئارا تۆمۈر يولى»دا قاتناش باشلاندى. بۇ تۆمۈر يول ئارقىلىق خىتايدىن گېرمانىيەنىڭ دۇيسبېرگ شەھىرى ئەتراپىدىكى ئەشيا ئوبوروت مەركىزىگىچە ـــ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2014 ـ يىلى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان ـــ يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. يېرىم ئىنگلىز مىلى (تەخمىنەن 800 مېتىر، ت) ئۇزۇنلۇقتىكى پويىز بىر يۆنىلىشتە خاتىرە كومپيۇتېر، ئاياغ ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق چىرىمەيدىغان بۇيۇملارنى؛ يەنە بىر يۆنىلىشتە ئېلېكترونلۇق بۇيۇملارنى، ماشىنا زاپچاسلىرىنى ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى توشۇيدۇ. پويىزنىڭ بۇ لىنىيەدە بىر قېتىم تولۇق سەپەر قىلىشىغا پەقەت 16 كۈنلا كېتىدىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ تىنچ ئوكيان بويىدىكى پورتلىرىدىن يولغا چىقىدىغان دېڭىز ترانسپورتلىرىدىن خېلى بەكلا تېز.**

**مۆلچەرلىنىشىچە، 43 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىنغان مەزكۇر تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنىڭ شاراپىتىدە، پويىز ئارقىلىق توشۇلىدىغان چوڭ تىپلىق يۈك ساندۇقى (كونتېينېر)نىڭ سانى 2012 ـ يىلىدىكى 7500 دىن 2020 ـ يىلىدىكى يەتتە 7 مىليون 500 مىڭغا يەتكەن. بۇ پەقەتلا بىر باشلىنىش: سىبىرىيە، ئىران، تۈركىيە،**

---

[1] تېمە تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

[2] دوكتور پېتېر فرانكوپان زامانىمىزدا تەسىرى كۈچلۈك، ئاكادېمىك ياش تارىخچىدۇر. ئۇ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيا تارىخى پروفسورى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى پادىشاھلىق كولېجىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى پروفسورى. خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلىرىمىزنىڭ دۇنيانى توغرا كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشىگە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىز ئۇنىڭ «يىپەك يولى» ۋە «يېڭى يىپەك يولى» ناملىق ئىككى مۇھىم ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك كۆپ قىسىم مەزمۇنلارنى تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزگە سۇنىدۇ. بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان ئورگان ياكى شەخسلەرنىڭ بۇ ئىككى ئەسەرنى ئەمدىدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىشقا قىزىقىپ قېلىشى ۋە ئىشقا كىرىشىشىنىڭ ئەمگەك تەكرارلىقى، ۋاقىت، زېھىن ئىسراپچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكەرتىمىز.

بالقان رايونى ئارقىلىق موسكۋا، بېرلىن ۋە پارىژنى تۇتاشتۇرىدىغان يەنە بىر تۆمۈر يول لىنىيەسى نۆۋەتتە پىلانلىنىۋاتىدۇ؛ تېخىمۇ كۆپ يېڭى لىنىيەلەر خىتاينى پاكىستان، قازاقىستان ۋە ھىندىستان بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. ھەتتا بېرىڭ بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان 200 ئېنگلىز مىلى (تەخمىنەن 320 كىلومېتىر، ت) ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز ئاستى تونېلى ياساش توغرىسىدىمۇ پاراڭلارمۇ بار بولۇپ، ئەگەر بۇ تونېل روياپقا چىقىپ قالسا بېيجىڭدىن يولغا چىققان پويىزلار ئالياسكا ۋە كانادا ئارقىلىق ئامېرىكاغا يېتىپ بارالايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەھەر، پورت ۋە ئوكيانلارنى تۇتاشتۇرىدىغان بايلىق تورىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بەرپا قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەرئايدا دېگۈدەك ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى يېڭىلاش ياكى يېڭىدىن بەرپا قىلىش توغرىسىدا چوڭ تىپتىكى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئېلان قىلماي قالمايدۇ. بۇ ئۇل مۇئەسسەسەلەر سودا مىقدارى ۋە سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرالايدۇ. خىتاي ئۆز شېرىكلىرى بىلەن سىجىل ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. بۇ «شېرىك»لەرنىڭ ئورنىمۇ «جان ـ جىگەر بۇرادەر»لىكتىن «شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان» ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە يۈكسەلدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەر خىتاينىڭ غەربىدىكى ئۆلكىلەرنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ يەردىكى ئەمگەك كۈچى تەننەرخى (خىتاينىڭ شەرقىدىكى) دېڭىز بويى رايونلىرىدىكىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاچقا، نۇرغۇن شىركەتلەر ئالاتاۋ ئېغىزىغا يېقىن بىر قىسىم شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەلدى. زامانىۋىلىق پويىزى قەدىمىي ئۆتكەل ئارقىلىق خىتاينىڭ (ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى، ت) غەربىي رايونلىرىغا كىرمەكتە. ھېۋلېت ـ پەكارد (HP) شىركىتى زاۋۇتىنى شاڭخەيدىن خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چوڭچىڭ شەھىرىگە يۆتكىگەن بولۇپ، بۇ يەردە يىلىغا 20 مىليون دانە خاتىرە كومپيۇتېر ۋە 15 مىليون پرىنتېر ياسىلىدۇ ۋە مىليونلىغان مەھسۇلات تۆمۈر يول ئارقىلىق غەربىي رايون بازارلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. «فورد ئاپتوموبىللىرى» قاتارلىق شىركەتلەرمۇ ئوخشاش يول تۇتتى. ئۇچۇر تېخنىكىسى ساھەسىدىكى سەركە كارخانىلار ۋە ئالما شىركىتىنىڭ مۇھىم تەمىناتچىسى (ئاساسلىقى ئالما مەھسۇلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل، ت) بولمىش فوكسكون شىركىتىمۇ شېنجېندىكى زاۋۇتىنى تاقاپ، چېڭدۇ شەھىرىگە كۆچتى.

باشقا خىل قاتناش تورلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئايروپىلانلار ھەر كۈنى سودىگەرلەر ۋە ساياھەتچىلەرنى خىتايدىن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە بەش قېتىم توشۇيدۇ؛ ئەزەربەيجاننىڭ باكۇ ئايرودرومىدا ھەر ھەپتە ئىستانبۇلغا بارىدىغان ۋە ئىستانبۇلدىن كېلىدىغان 35 ئايروپىلان بار. ئەلۋەتتە، رۇسىيەگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانلار تېخىمۇ كۆپ. ئاشخابات، تېھران، ئاستانە ۋە تاشكەنتتىكى ئايرودروملارنىڭ ئۇچۇش ۋاقىت جەدۋەللىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رايوندىكى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا غايەت زور قاتناش تورى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولدى ۋە داۋاملىق كېڭىيىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز ئۇلارنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى سۈس ئىكەنلىكىنى، ئايروپىلانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يەنىلا پارس قولتۇقى رايونىغا، ھىندىستانغا ۋە خىتايغا ئۇچىدىغانلىقىنىمۇ بايقىيالايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىلگىرى بىر مەھەل دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن بۇ رايوندا ھازىر يېڭى ئىلىم مەركەزلىرى قايتىدىن بارلىققا كەلدى: پارىس قولتۇقى رايونىدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە زەردارلار مەبلەغ سالغان ھەمدە يېپىل، كولۇمبىيە ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر تالاي مەكتەپلەر بار. خىتاي ئۆزىنىڭ «سېخىيلىقى» ۋە «خەيرخاھلىق»نى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارىسىدىكى ھەربىر دۆلەتتە خىتاي تىلى ۋە كۈلتۈرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلات بولمىش «كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى»نى قۇردى.

بۇنىڭدىن سىرت، يەنە سەنئەت مەركەزلىرىمۇ بەس-بەستە قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەكلى ئۆزگىچە قاتار دۆلەتلىك مۇزېيى، ئەبۇزەبىدىكى گۇگېنھېيىم (Guggenheim) مۇزېيى ۋە باكۇدىكى زامانىۋى سەنئەت مۇزېيى قاتارلىقلار بار. يەنە تاشكەنت دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى ۋە تبىلىستىكى سامېبا چوڭ چېركاۋى قاتارلىق ھەشەمەتلىك يېڭى ئىمارەتلەرمۇ بار. سامېبا چېركاۋىنى 2006-يىلى كىمئارتۇق سودىسىدا پىكاسونىڭ «دورا مائار» دېگەن ئەسىرىنى 95 مىليون دوللارغا سېتىۋالغان گرۇزىيەلىك زەردار بىدزىنا ئىۋانىشۋىلى (Bidzina Ivanishvili) مەبلەغ چىقىرىپ سالدۇرغان. نۆۋەتتە بۇ زېمىنلار ئويغىنىپ، ئۆتمۈشتىكى شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە.

غەربنىڭ پرادا، بېربېرى ۋە لويىس ۋۇيتون قاتارلىق داڭلىق كىيىم-كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ماركىلىرى پارىس قولتۇقى، رۇسىيە، خىتاي قاتارلىق رايونلاردا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۇ جايلاردىكى سېتىلىش مىقدارى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ تولىمۇ مەسخىرىلىك بىر ئىش. ئەلا سۈپەتلىك توقۇلما ۋە يىپەك بۇيۇملار ئەمدىلىكتە ئۆتمۈشتە شۇلارنى ئىشلەپچىقارغان جايلارغا سېتىلماقتا. ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى ھون تەڭرىقۇتلىرىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىكى ئەر-ئاياللارغىچە، كىيىم-كېچەك ئەزەلدىن ئىجتىمائىي پەرقنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ماركىلارغا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ تارىخى يىلتىزى بار. بۇ يەنە مەزكۇر رايوندا پۇل ۋە ماقامغا ئىگە سەرخىللار تۈپىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار مەخپىيلەشتۈرۈلگەن بىر تور بېكەت ئارقىلىق نامىسىز ھالدا قورال-ياراغ ۋە زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋالالايدۇ. بۇ بېكەت ئۆزىگە قەستەن تارىختىكى قاتناش تۈگۈنىنى ۋە سودا مەركىزىنى ئەسلىتىدىغان «يىپەك يولى» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان.

قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى ۋە يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتچىلىرى داۋاملىق تۈردە مۈشۈك-چاشقان ئويۇنى ئويناپ، كەلگۈسىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغاندا، ئۆتمۈشتىكى تارىخ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان بىزلەر ئۈچۈن بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش نوقۇل ھالدا تارىخنىڭ ئۆزىنىلا تەتقىق قىلىش ئەمەس (بۇ رايوندا ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل تەتقىقاتلار چوقۇم كۆپىيىدۇ)، ئەمەلىيەتتە، يىپەك يولىدىكى تارىخ بۈگۈنكى دۇنيا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك: رۇسىيەنىڭ قوشنىلىرى ۋە غەرب دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا جىددىي بولۇپ،

تارىخ توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان شەرھلەر سابىق دۈشمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك ۋە تالاش ـ تارتىشنى ھەم قايتىدىن پەيدا قىلالايدۇ، ھەم بېسىقتۇرالايدۇ. تارىخ بىلەن بۈگۈننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كەلگۈسى تەرەققىيات ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئورتاق سودا ۋە كۈلتۈر مىراسلىرىنى قوغداش نامىدا ئۆزى بىلەن غەربنى چەمبەرچاس باغلايدىغان يىپەك يولىغا كۆپلەپ مەبلەغ سالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، خىتاي ئالىلىقاچان بۇ رايوندا تېلېگراف ئىنقىلابىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار مۇقىم تېلېفون كابېلى ۋە سانلىق مەلۇمات يوللىغۇچنى كەڭ كۆلەمدە ئورنىتىپ، توردىن ھۆججەت چۈشۈرۈش سۈرئىتىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز ھالەتكە ئەكەلدى. بۇ تۈرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ قاتارلىق تېلېگراف شىركەتلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تۈرلەر خىتاي تەرەققىيات بانكىسىدىن يۇمشاق قەرز (يۇمشاق قەرز ـــ ئۆسۈم نىسبىتى تۆۋەن، قايتۇرۇش مۇددىتى ئۇزۇن ياكى چەتئەل پۇلى قەرزلىرىنى شۇ دۆلەتنىڭ پۇلىدا قايتۇرۇشقا بولىدىغان قەرزلەرنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئالالايدۇ، بەزىدە ھۆكۈمەتلەرئارا ياردەم شەكلىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تۈرلەر تاجىكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاننى ئالىي دەرىجىلىك، نازۇك ۋە ئىلغار بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى ياساش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خىتاي رايوننىڭ (ئاتالمىش) مۇقىملىقى ۋە ئەڭ مۇھىم قېزىلما بايلىقلار ئۈچۈن، بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك كەلگۈسى بەرپا قىلىشقا كۈچەمەكتە. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بۇ تېلېگراف شىركەتلىرىگە بولغان ئەندىشىسى سەۋەبلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنلىرىنى ئاچتى. خۇاۋېي ۋە جوڭشىڭ شىركەتلىرى «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولغاچقا، ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ» دېگەن سەۋەب بىلەن «ئىشەنچسىز» دەپ قارالدى. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى شۇنىڭدىن كېيىن يەنە «دىۋە ئوۋلاش ھەرىكىتى» (Operation Shotgiant) ناملىق ھەرىكەت قوزغاپ، خۇاۋېينىڭ مۇلازىمېتىرلىرىغا مەخپىي سوقۇنۇپ كىرىپ ھۇجۇم قىلدى.

خىتاي نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان يىپىپكى تور بەرپا قىلماقتا، بۇ تەبىئىي ھالدا غەربنىڭ خىتايغا بولغان ئاداۋىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، جەنۇبىي ئامپتون، لوندون ياكى لىۋېرپولدىن يولغا چىققان پاراخوتلار ئەنگلىيە زېمىنىدىن ئايرىلماي تۇرۇپلا دۇنيانىڭ يەنە بىر ئۇچىغا بارالايتتى؛ يەنى بۇ پاراخوتلار جەبىلتارىق بوغۇزى ئارقىلىق ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا، ئاندىن (مىسىردىكى) سەئىد پورتى ئارقىلىق مالتاغا؛ ئۇ يەردىن (يەمەندىكى) ئادىنغا؛ ئاندىن (ھىندىستاندىكى) بومباي ۋە (سىرىلانكادىكى) كولومبوغا بارالايتتى؛ ئاندىن مالايسىيا يېرىم ئارىلىدا بىر ئاز توختاپ، ئاخىرى خوڭكوڭغا بارالايتتى (يۇقىرىقى لىنىيەدە نامى تىلغا ئېلىنغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، ت). بۈگۈنكى كۈندە، خىتايمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلالايدۇ: خىتاي كارىب دېڭىزى رايونىغا سالغان مەبلىغى 2004 ـ يىلىدىن 2009 ـ يىلىغىچە تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ تىنچ ئوكيان رايونىدا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى، يۇمشاق قەرزى ياكى

بۋاستە مەبلەغى ئارقىلىق تاشيول، تەنتەربىيە مەيدانى ۋە چوڭ ھۆكۈمەت بىنالىرى بەس ـ بەستە ياسالدى. ئافرىقادىمۇ پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان خىتايلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار ئالىلقاچان باشلانغان بىر قاتار كاتتا ئويۇنلاردا ئۇستۇنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىق، ئاشلىق ۋە سىياسىي نوپۇز قاتارلىق جەھەتلەردىكى رىقابەتلەردە خىتاي ئۈچۈن مۇھىم پېچەكلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر قاتار تايانچ بازىلارنى قۇردى.

غەرب ئەللىرىمۇ ــــ ئۇلارنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشمىغان تەقدىردىمۇ ــــ تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرماقتا. سابىق پرېزدېنت ئوباما 2012 ـ يىللىق ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدىكى باشلىنىش سۆزىدە، تۈنجى جۈملىدىلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇپ، «دۆلىتىمىز ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنيا كۆز ئالدىمىزدا ئۆزگىرىۋاتىدۇ ...» دېگەنىدى. ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە: بەزى ئىشلار «بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزگە موھتاج. (شۇڭلاشقا) ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۇنيا خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدۇ» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئامېرىكانىڭ سىياسىتى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن تەڭشىلەتتى. دوكلاتتا «بىز ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىغا قارىتا جىددىي تەڭشەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم» دېيىلگەن. گەرچە كەلگۈسى ئون يىللىق دۆلەت مۇداپىئە چىقىمى 500 مىليارد دوللار كېمەيتىلگەن ۋە داۋاملىق قىسقارتىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما پرېزدېنت ئوباما «بىز بۇ مۇھىم رايوندىن (ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياندىن) ۋاز كەچمەيمىز» دېگەن نۇقتىنى بار كۈچى بىلەن تەكىتلىگەن. دوكلاتنى تولىمۇ رەھىمسىزلەرچە مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ: 100 يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ئىزچىل ھالدا غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەپ كەلدى، ئەمما ئەمدى باشقا جايلارغىمۇ قاراپ باقىدىغان پەيت كەلدى.

ئەنگلىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىمۇ ئوخشاش يەكۈن چىقاردى. ئەنگلىيە يېقىنقى بىر پارچە دوكلاتىدا دۇنيانىڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ۋە ئۆتكۈنچى دەۋردە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. دوكلاتنىڭ ئاپتورلىرى ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىغا خاس يۈزەكى تەرزدە شۇنداق دېگەن: 2040 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى يىللارنىڭ «ھەممىسى ئۆتكۈنچى مەزگىل»دۇر. دوكلاتتا كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدا دۇچ كېلىدىغان خىرىسلارنىڭ «كىلىمات ئۆزگىرىشى، نوپۇسنىڭ تېز ئېشىشى، تەبىئىي بايلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئىدىئولوگىيەلىك ئويغىنىش ۋە ھوقۇقنىڭ غەربتىن شەرققە يۆتكىلىشى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

دۇنيانىڭ ئۇشبۇ مەركىزىي رايونىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملىك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، رايوندىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار ئورگان ۋە تەشكىلاتلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان ۋە خىتاينىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (SCO) بار. بەزىلەر بۇ تەشكىلاتنى «كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قورالى»

دەپ ئەيىبلەپ، مەزكۇر تەشكىلاتتا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ «ب د ت نىڭ قىيناشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»غا ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە (ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى رايونلاردىكى) يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە دەپسەندە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر بېلارۇسىيە، سىرىلانكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۆزەتكۈچى دۆلەتلىك سۈپىتىدە مەزكۇر تەشكىلاتتا قاتنىششى مۇقەررەر ھالدا ئاشۇ خىل ئەھۋالغا سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ تەسىرى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئورنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تۈركىيە ياۋروپادىن يىراقلىشىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ تولۇق ئەزاسى بولۇشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. بۇ دۆلەتنىڭ باش مىنىستىرىنىڭ 2013 ـ يىلى تېلېۋىزىيە زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئېيتقىنىدەك، تۈركىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇشتىن ۋاز كېچىپ، نەزىرىنى شەرققە ئاغدۇرۇشى مۇمكىن. ئۇ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى «تېخىمۇ ياخشى ۋە كۈچلۈك، شۇنداقلا بىز ئورتاق قىممەت قاراشقا ئىگە» دەپ قارىغان.

ھالبۇكى، بىز تۈركىيە باش مىنىستىرىنىڭ باياناتىغا سۆز مەنىسى بويىچىلا مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ. چۈنكى، نېمىلا دېگەن بىلەن، بۇ تۇپراقتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىدا تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن، قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئىككى تەرەپنى سوقۇشتۇرۇشقا ماھىر ئىدى. ئەمما، نۆۋەتتە شەكىللىنىۋاتقان يېڭى دۇنيا تەرتىپى توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، ۋاشىڭتون، بېيجىڭ ۋە موسكۋا قاتارلىق جايلارنىڭ ئوخشاش يەكۈنگە كېلىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى 2011 ـ يىلى: «دىققىتىمىزنى يېڭى يىپەك يولىغا ئاغدۇرىدىغان پەيت كەلدى، بۇ مەزكۇر رايوننى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرىدۇ» دېگەنىدى.

بۇ ھەم خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نىشانىدۇر. ئۇ 2013 ـ يىلى كۈزدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئاستانىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ تۇپراقتا ياشىغان كىشىلەر ئىرقى، ئېتىقادى ۋە كۈلتۈرەل ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەمكارلىشىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان ۋە ئورتاق گۈللىنەلىگەنىدى». ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە: «خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە بۇنى ئۆز دىپلوماتىيەسىدىكى مۇھىم ئىش دەپ قارايدۇ. ھازىر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى، قاتناش تورىنىڭ باغلىنىشىنى، سودىنىڭ راۋانلىقىنى ۋە پۇل ئوبوروتىنى كۈچەيتىدىغان ياخشى پەيت، شۇنداقلا ‹يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغى›نى — باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭى يىپەك يولىنى — بەرپا قىلىشنىڭ ياخشى پەيتىدۇر» دېگەنىدى.

ئەتراپىمىزدىكى دۇنيادا زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. بىز غەربنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىمغا دۇچ كەلگەن دەۋرگە قەدەم قويغىنىمىزدا، كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئېنىقسىزلىق دەرۋەقە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. «ئەرەب باھارى» كىشىلەرگە ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ رايونغا ئاداۋەت، ئازاب ۋە ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن سەراپتىن باشقا نەرسە

ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇ رايوندىكى بارلىق زېمىننى، بارلىق نېفتنى ۋە بارلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى كونترول قىلماقچى. ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۇشتۇمتۇت كرىزىس يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بولۇپمۇ خەلقئارا خام نېفت باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىشى ئىران، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. خەلقى نەچچە ئەۋلادتىن بېرى نېفت ۋە تەبىئىي گازغا تايىنىپ باياشات ياشاپ كەلگەن بۇ دۆلەتلەر ھازىر خامچوتىنى قىسىپ، تېجەشلىك ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا. ئىقتىسادىي قىسلىق ۋە سىياسىي داۋالغۇشتىن ئىبارەت قوش بېسىم ئالدىدا، كىشىلەرنىڭ ئاسان ۋە تېز چارە تاپالىشى بەسى مۈشكۈل.

قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا، ئۇكرائىنا ۋەزىيىتى ۋە رۇسىيەنىڭ قىرىمدىكى قىلمىشى موسكۋانىڭ ۋاشىڭتون ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېغىر دەرىجىدە تەۋرىتىپ قويدى. ئەكسىچە، ئىلگىرى ئىزچىل چەتكە قېقىلىپ كەلگەن ئىران ئۆزىنىڭ تىنچلىق ۋە گۈللىنىشكە تۆرتكە بولۇش جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلار ئارىسىدا ختايمۇ بار. ئۇنىڭ ئىقتىسادى يىگىرمە يىل تېز تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ھازىر ئاستىلاشقا ۋە ئاتالمىش «يېڭى تۇراقلىق ھالەت»كە، يەنى تېز ئەمەس، سىجىل ئاشىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىگە قەدەم قويدى. ختاينىڭ يىراق-يېقىندىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە ئوينايدىغان رولى 21-ئەسىرگە چوقۇم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شى جىنپىڭ 2013-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ۋە ختاينىڭ ئۇنىڭغا سالغان غايەت زور مەبلىغى ختاينىڭ (ئۆزى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان) كەلگۈسى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئوڭۇشسىزلىق ۋە مۈشكۈلات، خىرىس ۋە مەسىلىلەر يېڭى دۇنيانىڭ ئاپىرىدە بولۇشى جەريانىدىكى «تولغاق ئاغرىقى»دەك قىلىدۇ. بىز كېيىنكى تەھدىتنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى، دىنىي ئاشقۇنلۇقنى قانداق تاقابىل تۇرۇش، خەلقئارا قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان دۆلەتلەر بىلەن قانداق سۆھبەتلىشىش ۋە بىز دائىم نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان خەلق، كۈلتۈر ۋە دىنلار بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى قانداق ئورنىتىش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئاسىيانىڭ ئۆگزىسىدىكى ئالاقە تورى غىمسىسىدە توقۇلدى. تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا، قايتىدىن قۇرۇلدى.

«يىپەك يولى» قايتىدىن گۈللەنمەكتە.

(تۈگىدى)

پېتىر فرانكوپاننىڭ «يىپەك يولى» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2022 -يىلى 10– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 10 – ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2022 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن، 2022 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە)

## ئەنگلىيەدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى باش ۋەزىرنى خىتاي كومپارتىيەسىگە ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا ئۈندىدى

«theepochtimes» تورىنىڭ 2 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 73 يىللىق خاتىرە كۈنىنىڭ ھارپىسىدا ئەنگلىيەدىكى توققۇز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئەنگلىيەنىڭ يېڭى باش ۋەزىرى لىز ترۇسقا خەت يېزىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خوڭكوڭلۇقلار، تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈندىگەن. شۇنداقلا، يېڭى باش ۋەزىرنى ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش تۈرلۈك تەلىپىگە ئەمەلىي ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

شۇنداقلا، مەزكۇر دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلىش قاتارلىق قەبىھ شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان.

## ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ دوكلاتىدا خىتاينىڭ ئىشپىيونلۇق پائالىيەتلىرى ۋە تور پروجېكتلىرىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئېغىر تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى

«ۋاشىڭتون ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 2 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئىستىخبارات ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى مەركىزىي ئاپپاراتى ۋە باشقا تارماقلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق ئەمەسلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭمۇ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكى، شۇ ۋەجىدىن كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان چەتئەل جاسۇسلۇق تەھدىتىگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

مەزكۇر دوكلاتقا كۆرە، خىتاي، رۇسىيە، ئىران، چاۋشيەن ۋە باشقا دۆلەتلەرگە تەۋە ئىستىخبارات خادىملىرى ۋە خاككېرلار ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خۇسۇسىي تارماقلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە تېخنىكىسىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ھېچقانچە قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان. ھالبۇكى، مەزكۇر دوكلاتتا يەنە خىتاي تەھدىتىنىڭ باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىدىن ئېغىر ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ ئۇچۇر ئوغرىلاش دائىرىسىنىڭ ھەممىدىن كەڭلىكى ۋە

سالمىقىنىڭ ھەممىدىن زور ئىكەنلىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا چوقۇم جىددىي مۇئامىلە قىلىنىشى زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنغان.

## سان فرانسىسكو شەھەرلىك ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلىدى

«ۋاشىڭتون ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 2-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، سان فرانسىسكو ھۆكۈمىتى ئالدىنقى ھەپتە شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا خىتاي بايرىقىنى چىقىرىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 73 يىللىقىنى تەبرىكلىگەن.

خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، 30-سېنتەبىر كۈنى سان فرانسىسكو شەھىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى، خىتاي ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان پائالىيەتتە بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن.

ئىگىلىنىشىچە، سان فرانسىسكو شەھىرى ئۆتمۈشتىمۇ، ھەتتا 2014-يىلى خىتاي دائىرىلىرى خوڭكوڭدىكى دېموكراتىيەنى ياقىلايدىغان نامايىشلارنى باستۇرغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە خىتاي بايرىقىنى چىقىرىپ باققانىكەن.

## خىتاينىڭ ئىمپورت گازغا تايىنىپ قېلىشى ئۆز بىخەتەرلىكىنى تەھدىتكە ئۇچراتماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 7-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماستىن، خىتاي ئىمپورت گازلارغا بارغانسېرى تايىنىپ قېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەم ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى، ھەم دۆلەت بىخەتەرلىكىنى خەۋپكە ئۇچراتقان.

خىتاينىڭ گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 2022-يىلىنىڭ دەسلەپكى سەككىز ئېيىدا بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئالتە پىرسەنت ئاشقان. شۇنداقلا، ئالدىنقى ئون يىل مابەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىچۈەن، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوردوس ئويمانلىقىدىكى گازلارنى ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، 2011-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاينىڭ گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يىلىغا يەتتە پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن ئاشقان. ھەتتا خىتاي 2021-يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكا، رۇسىيە ۋە ئىراندىن قالسا دۇنيادىكى تۆتىنچى چوڭ تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتكە ئايلانغان.

ئەمما، خىتاي ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەگە ئوخشاش تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولماستىن، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەبىئىي گاز ئىستېمال مىقدارى خىتاينى تېخىمۇ كۆپ تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان.

مەسىلەن، خىتايدىكى تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان نوپۇس سانى 2010 ـ يىلىدىكى 170 مىلىيون كىشىدىن، 2015 ـ يىلىدىكى 286 مىلىيون كىشىگە، ئاندىن 2020 ـ يىلى 413 مىلىيون كىشىگە ئېشىشى سەۋەبلىك، تەبىئىي گاز ئىستېمال مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11 پىرسەنت ئاشقان.

هالبۇكى، خىتاي چەتئەلدىن ئىمپورت قىلىدىغان تەبىئىي گازلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز شەكلىدە بولۇپ، خىتاي بۇنى ئاساسلىقى ئامېرىكا ۋە ئاۋسترالىيەگە ئوخشاش ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن خىتاينىڭ گاز ئىمپورتىغا بارغانسېرى تايىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك ئاجىزلىقى دەپ قارالماقتا ئىكەن.

## خىتاي دېموكراتىك ئەللەردىكى تاراتقۇلارغا قارىتىلغان زەربىلەردىن نەپ ئالماقتا

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 7 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ يىل 7 ـ ئايدا فىلىپپىن دائىرىلىرى مۇستەقىل خەۋەر تور بېتى بولغان «Rappler»نى تاقاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 2021 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مالايسىيادىكى بىر سوت مەھكىمىسى «ئۆز قانىلىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىنى تەنقىدلىشىگە يول قويۇش ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىنى ھاقارەتلىگەن» دېگەن سەۋەب بىلەن «Malaysiakini» خەۋەر قانىلىنى تاقىۋەتكەن. ھالبۇكى، بۇ ئىككى تور بەتنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ ئىككىلىسى خىتاينىڭ مەزكۇر دۆلەتلەرگە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تاراتقۇ جەھەتلەردىكى تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئىزچىل پاش قىلغان.

يەنى مەزكۇر دۆلەتلەر دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ئامىللار سەۋەبلىك بۇ قانالLARنى تاقاش نەتىجىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولمىش خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتكەن ۋە بۇ خىل يۈزلىنىش دۇنيا مىقياسىدا بارغانسېرى كۈچىيىپ، خىتاي ئەركىن، مۇستەقىل تاراتقۇلارنىڭ باستۇرۇلۇشىدىن ئەڭ زور نەپ ئالغۇچى دۆلەت بولۇپ قالغان.

## تەيۋەندىكى پۇقرا جەڭچىلەر شەپىسى كېلىۋاتقان خىتاي تەھدىتىگە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 11 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تەيۋەندىكى «كۇما ئاكادېمىيەسى» تەيۋەن پۇقرالىرىنى خىتايغا قارشى ئېھتىماللىق ئۇرۇش ئۈچۈن مەشىقلەندۈرۈۋاتقان بولۇپ، بۇ بىر كۈنلۈك مەشىق تەيۋەن بوغۇزىغا ئالاقىدار گېئوپولىتىكا ۋە ئىستراتېگىيە، خىتاينىڭ تاجاۋۇز لايىھەلىرى ۋە ساختا ئۇچۇر مۇجادىلىسى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. شۇنداقلا، ئۇلارغا يەنە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ فورمىسىنى تونۇش، قان توختىتىش بېنتىنى قانداق چىگىش قاتارلىقلار ئۆگىتىلگەن.

تەيۋەنلىك سودىگەر روبېرت ساۋ مەزكۇر ئاكادېمىيەگە 28 مىليون دوللار ئىئانە قىلغان بولۇپ، پۇقرا جەڭچىلەرنى مەشقلەندۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىملار ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە ئىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، روبېرت ساۋ بۇ پۇل ئارقىلىق ئۈچ يىلدا ئۈچ مىليون كىشىنى مەشقلەندۈرۈپ، 300 مىڭ مەرگەن يېتىشتۈرۈش مەقسىتىنى بارلىقىنى جاكارلىغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا، رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىنكى ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى تۈرتكە بولغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى گوللاندىيەدىكى ئۆكتىچىگە پاراكەندىچىلىك سالماقتا

«theepochtimes» تورىنىڭ 11-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، گوللاندىيەدە ياشايدىغان 21 ياشلىق خىتاي ئۆكتىچى ۋاڭ جىڭيۇ يېقىنقى ئايلاردا ئۆزىنىڭ ئىزچىل خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىگىلىنىشىچە، ۋاڭ جىڭيۇ 2019-يىلى ئىجتىمائىي تاراتقۇدا خوڭكوڭدىكى نامايىشچىلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبلىك خىتايدىن قېچىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداقلا، 2021-يىلى خىتاي كومپارتىيەسى ئېلان قىلغان خىتاي-ھىندىستان توقۇنۇشىدا ئۆلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سانىغا قارىتا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان. ئۇ «ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى» ئارقىلىق ئامېرىكاغا ئۇچۇش سەپىرىدە يەرلىك ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىلىششى نەتىجىسىدە «ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى» دائىرىلىرى ئۇنى تۈركىيەگە قايتۇرغان. لېكىن، ئۇ تۈركىيەدىمۇ خاتىرجەم ياشىيالمىغانلىقتىن گوللاندىيەگە بارغان ۋە 2022-يىلى سىياسىي پاناھلىققا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، گوللاندىيە، بېلگىيە، گېرمانىيە ۋە كانادا قاتارلىق جايلاردىكى مېھمانخانىلارغا يالغان بومبا تەھدىت خېتى ئەۋەتكەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنى چەتئەلدە قولغا ئالدۇرماقچى بولغان.

## خىتاينىڭ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىماقتا

«CNN» تورىنىڭ 13-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەر، ھەتتا ئىلگىرى خىتايغا ئوخشاش «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق تەدبىر قوللانغان دۆلەتلەرمۇ تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى مەزگىلىدىكى چەكلەش تەدبىرلىرىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي

ھېلىھەم ئۆزىنىڭ مەزكۇر سىياستىنى ئەسەبىيلەرچە ئىجرا قىلماقتا ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچلۈك نارازىلىقىغا دۇچ كەلمەكتە.

شۇلارنىڭ قاتارىدا، 13 ـ ئۆكتەبىر يېقىنقى يىللاردىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئەڭ جەسۇر قىلمىش دېيىشكە بولىدىغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى بىر كىشى خىتاي پايتەختى بېيجىڭ شەھىرىدىكى خەيدىيەن رايونىغا جايلاشقان سىتوڭ كۆۋرۈكىگە ئىككى دانە پىلاكات ئاسقان ۋە پىلاكاتتىكى شوئارلارنىڭ ئاۋازلىق نۇسخىسىنى ياڭراتقۇ ئارقىلىق تەكرار قويغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ چاقىنى كۆيدۈرۈپ ئىس چىقارغان. پىلاكاتتىكى شوئارلار خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ئاتموسفېراسىغا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە دادىل دېيىشكە بولىدىغان دەرىجىدە بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

كىسلاتالىق تەكشۈرۈش لازىم ئەمەس، تاماق لازىم؛

كونترول لازىم ئەمەس، ھۆرلۈك لازىم؛

يالغان گەپ لازىم ئەمەس، ئىززەت لازىم؛

مەدەنىيەت ئىنقىلابى لازىم ئەمەس، ئىسلاھات لازىم؛

داھىي لازىم ئەمەس، سايلام ھوقۇقى لازىم.

دەرس تاشلاپ، ئىش تاشلاپ، مۇستەبىت ۋەتەن خائىنى شى جىنپىڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى.

قوزغال قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار!

مۇستەبىتلىككە، دىكتاتۇرىغا قارشى تۇرۇپ، خىتاينى قۇتقۇزايلى!

ھەر ئادەم بېلەت تاشلاپ، رەئىس سايلاپ چىقايلى!

مەزكۇر جەسۇرانە قارشىلىق ھەرىكىتىنى قىلغۇچىنىڭ پېڭ لىفا ئىسىملىك بىر خىتاي پۇقراسى ئىكەنلىكى پەرەز قىلىنغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئېنىق دەلىللەنمىگەن.

### ئەنگلىيەدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى ھەددىدىن ئاشماقتا

«theepochtimes» تورىنىڭ 13 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، چەتئەل سىياستى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاقىللار ئامبىرى «ھېنرىي جەكسون جەمئىيىتى» (HJS) 12 ـ ئۆكتەبىر ئېلان قىلغان دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئەنگلىيەدىكى 31 كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ پەقەت تۆتىلا «تىل ۋە كۇلتۇر»دىن ئىبارەت ئۆز ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، قالغانلىرى ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمەت

سىياسەتلىرىنى ۋە سىياسەتچىلىرىنى تىلك ـ تىڭلاش، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى خىتايغا پايدىلىق شېرىكچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىركەتلەرگە مەسلىھەت بېرىش، خىتاينىڭ «بىرلىكسەپ بۆلۈمى» بىلەن ھەمكارلىقى بار ئەنگلىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىششش قاتارلىق ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانماقتا ئىكەن. ھالبۇكى، يېقىندا ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي ئىستىخبارات بەشىنچى باشقارمىسى خىتاي «بىرلىكسەپ بۆلۈمى»نىڭ ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مۇداخىلە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئاپتورلىرى سام دانىڭ بىلەن ئانسون كۋوڭ ئەنگلىيەدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ خىتاي بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە خىتاينىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە سىياسەتچىلىرىگە ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە پۇل بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىلىم ۋە سودا ساھەسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تورىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقىنى بايقىغان.

## خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى «شى جىنپىڭنىڭ داۋاملىق رەھبەرلىك ئورنىدا قېلىشى كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئاپەتتۇر» دېدى

«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ رەسمىي تور بېتى 15 ـ ئۆكتەبىر «شى جىنپىڭنىڭ داۋاملىق رەھبەرلىك ئورنىدا قېلىشى كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن ئاپەتتۇر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلدى.

مەزكۇر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىگىرمىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ ئۇدا ئۈچىنچى نۆۋەت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى بولۇپ سايلىنىشى مۇمكىنلىكى مۆلچەرلىنىۋاتقان پەيتتە، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ رايونلۇق مۇئاۋىن مۇدىرى ھانا ياڭ شۇلارنى بىلدۈرگەن:

«شى جىنپىڭنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى مۇقىملاشسا، بۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان مىليونلىغان خىتاي پۇقرالىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ شۇم بېشارەتتۇر.»

«خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئون يىل قالايمىقان تۇتقۇن قىلىش، مەملىكەت مىقياسىدا پىكىر ۋە تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، شۇنداقلا خوڭكوڭدىكى باستۇرۇشنى قاتتىق كۈچەيتىش بىلەن خاراكتېرلەندى.»

«شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە قىلمىشلىرى دۆلەت ئىچىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر شارىغا نىسبەتەن تەھدىت شەكىللەندۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ چەتئەلدىكى

ئۇيغۇرلارنى جىمىقتۇرۇش ۋە مەجبۇرىي قايتۇرۇپ كېتىش ھەرىكەتلىرىدىن ب د ت دا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەسلى مەنىسىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇشىغىچە، خىتاينىڭ زۇلمى ئۆز چېگراسىدىن بارغانسېرى ھالقىپ كەتتى.»

### شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى خىتاي بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشماقتا

«فوربېس» تورىنىڭ 19 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەنىڭ مانچېستېر شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىگىرمىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قارشى تىنچ نامايىش قىلىۋاتقان بوب ئىسىملىك خوڭكوڭلۇق كىشى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى جېڭ شىيۇەن باشچىلىقىدىكى كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن كونسۇلخانىنىڭ ھويلىسىغا سۆرەپ كىرىپ قاتتىق ئۇرۇلغان ۋە يەرلىك ساقچىلار مىڭبىر جاپادا بۇ نامايىشچىنى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان.

لېكىن، باش كونسۇل جېڭ شىيۇەن بۇ قىلمىقىدىن ئىزا تارتمايلا قالماستىن، «**Sky News**»قا مەزكۇر نامايىشچىغا جىسمانىي زەربە بېرىشنىڭ «ئۆز مەسئۇلىيىتى» ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ «ئىززىتى»نى قوغدىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھالبۇكى، تەھلىلچىلەرگە كۆرە، بۇ قانداقتۇر ھاياجاندىن مەنبەلەنگەن يەككە ۋەقە بولماستىن، ئىلگىرىكى خىتاي رەھبەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا خېلى بەكلا كۆرەڭ ۋە ئۇرۇشخۇمار، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سۆز ـ ھەيۋىسىنى نامايەن قىلىشنى تەكىتلەپ تۇرىدىغان شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي تۇتۇمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. لېكىن، بۇ خىل ئاغزاكى ياكى جىسمانىي زەربىلەر ئاساسلىقى يەنىلا خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىك خاھىشىنى كۈرۈكلەش ئارقىلىق، خىتاي خەلقىنىڭ نەپرىتىنى چەتئەللىكە بۇراپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن.

### نورۋېگىيەدىكى تەشكىلات نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈندىدى

«**aninews**» تورىنىڭ 19 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «نورۋېگىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۇيۇشمىسى» باياناتى ئېلان قىلىپ، نورۋېگىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر ئۇيۇشما يەنە نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق كۆزەنەكىدىن چىقىرىۋېتىش غەرىزىگە توسقۇنلۇق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىگە 17 ـ ئۆكتەبىر نورۋېگىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى

تـوغـرىسـىدىكـى ئـىسـپات ئـاڭلاش يـىغـىنـىدىن، شەرقـىي تۈركـىسـتانـدىكـى ئېغىر كـىشـىلـىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ھەل قىلىش پۇرسىتى سۇپىتىدە پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلغان.

مەزكۇر بـايـانـات يەنە خەلـقئارالـىق جەمئىيەتنى خـتـايـنىڭ شەرقـىي تۈركـىسـتـانـدىكـى جىـنـايەتـلىرىنى ئەيىبلەشكە؛ خىتاينى بولسا خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق كېلىشىملىرىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا چاقىرغان.

ئۇلارنـىڭ بۇ بـايـانـاتـى خەلـقئارا كەچۈرۈم تەشـكىلاتـى قـاتـارلـىق ئـالـتە چـوڭ كـىشـىلـىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

## قـاتـاردا ئۆتـكـۈزۈلـىدىغـان دۇنـيا لـوڭقىسـى پۇتـبول مۇسـابـىقـىسـى ئۈچـۈن مەيـدان يـاسـىغـان قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنى سولايدىغان تۈرمىمۇ ياسىغانلىقى ئاشكارىلاندى

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 20 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، قاتاردا ئۆتكۈزۈلگۈسى دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئوينىلىدىغان لۇسايل مەيدانىنى ياسىغان «خىتاي تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى» ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسمىلىرى» ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى سولايدىغان بىر تۈرمىنى ياسىغان ئىكەن.

قـاتـار بـىلەن خـتـاي ئـارىسـىدىكـى مۇنـاسـىۋەتـنىڭ بـارغـانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلـىقى مەلۇم. بۇنـىڭ ئەڭ يېقىنقى ئـىپادىسى سۈپـىتـىدە، خـتـاي ئـالـدىنقى ھەپتە «سۇھەيـل» ۋە «سۇرەييە» دەپ ئـىسـىم قـويـۇلـغـان ئىككى مۇشۇكئېيىقنى قاتارغا سوۋغا قىلغان.

## «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» ئومۇمىي جەھەتتىن لايىقىدا ئىجرا قىلىنماقتا

«bloomberg» تورىنىڭ 21 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئـامېرىكـا تـاموژنـا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ كومىسسارى كىرىس مەگنۇسنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تـامـامەن يـاكـى قىسمەن شەرقـىي تۈركـىسـتـانـدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقـانـداق مەھسۇلاتـنىڭ تـاكـى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئـىكەنلىكـى كۆچلۈك پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغۇچە ئامېرىكاغا كىرىشىنى چەكلىگەن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» رەسمىي كۈچكە ئىگە بولغان تۆت ئايدىن بېرى، شىركەتلەر بۇ قانۇنغا ئومۇمەن رىئايە قىلماقتا ئىكەن. كىرىس مەگنۇس بۇ ھەقتە: «گەرچە بەزى ئەگرى ـ توقايلىقلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەنچە بىز تولىمۇ ياخشى باشلاشنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىرغىچە شىركەتلەرنىڭ بۇ قانۇنغا رىئايە قىلىش جەھەتتىكى ياخشى ئۈرنەكلىرىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز» دېگەن.

ئـىـگـىلـىنـىشـىچە، گەرچە بۇ قـانۇن تېخى مۇشۇ يـىل ئـالـتىنچى ئـايـدا ئـانـدىن كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ يىل توققۇزىنچى ئايدا ئاياغلاشقان مالىيە يىلىدا، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش

ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان ئۈچ مىڭ پاراخوت مالنىڭ يېرىمى دېگۈدەك مۇشۇ قانۇنغا بىنائەن تۇتۇپ قېلىنغان، شەرقىي تۈركىستانغا چېتىشلىق ماللار بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن.

ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ ئىجرائاتتا مەسئۇل ياردەمچى كومىسسارى ئانماري خايسمىسمۇ مەزكۇر ئىدارىنىڭ شىركەتلەرنىڭ بۇ قانۇنغا رىئايە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نازارەت قىلىش سالمىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تاكتىكىلارنى قوللانماقتا

«theprint» تورىنىڭ 21-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ئاۋستراليە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى»نىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدىكى تەنقىدلەرگە قارشى تۇرۇش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە تەۋە قىزلار باش پېرسوناژ بولغان، ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەنلىكتىن كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان ۋىدېيولار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە باشلىغان.

بۇ ۋىدېيولار ئاۋۋال خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋىدىيو ھەمبەھىرلەش سۇپىلىرىغا يوللىنىپ، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىكەن. ئاندىن خەلقئارالىق تاماشىبىنلارغا تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە يۇۋتيۇبقا يوللىنىدىكەن.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يۇۋتيۇب ھېسابلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى 2020~2021-يىللىرى ئارىسىدا ئېچىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر ئۆزگىچىلىكى شۇكى، بۇ ھېسابلار ئارقىلىق يۇۋتيۇبقا يوللانغان ۋىدېيولار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىلگىرىكى ۋىدېيولىرىدەك زىيادە قېلىپلاشقان بولماستىن، خېلىلا تەبىئىي ئىكەن ۋە شۇ سەۋەبلىك كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدىكەن. يەنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدىكى پاكىتلار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىققانسېرى خىتاي بۇلارنى يېپىش ئۈچۈن تېخىمۇ سىستېمىلىق ھالدا نەيرەڭۋازلىق قىلىشقا باشلىغان.

## پاكىستان بىلەن خىتاي بىلەن ئۈچ يېڭى كېلىشىم تۈزۈشنى پىلانلىدى

«wionews» تورىنىڭ 23-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، پاكىستان بىلەن خىتاي ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولغان نەچچە مىليارد دوللارلىق خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىدىن (CPEC) باشقا، بۇ يىل نويابىردا يەنە ئۈچ يېڭى كارىدور ئاچماقچى ئىكەن.

پاكىستاندا چىقىدىغان، ئىنگلىز تىلىلىق «خەلقئارا خەۋەرلەر گېزىتى»گە كۆرە، پاكىستان باش مىنىستىرى شاھباز شېرىف خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن كېلەر ئاي خىتاينى زىيارەت قىلغاندا، بۇ تۆرلەر ئاندىن رەسمىي يولغا قويۇلۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئىگىلىنىشچە، ساغلاملىق ۋە رەقەملىك كارىدورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تۆرلەرنى پاكىستاننىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى موينۇل ھەق بېيجىڭدىكى «خىتاي ئىقتىساد تورى»نىڭ (CEN) زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئېلان قىلغان.

گەرچە موينۇل ھەق: «بىز يۇمشاق دېتال ياساش جەھەتتە خىتاي ئۈچۈن مۇھىم ياردەم مەنبەسى بولۇپ قالىمىز، نۆۋەتتە بىز پاكىستاندا ئۈچۈر تېخنىكىسىنىڭ تۆرلۈك ساھەلىرىدە يۇمشاق دېتال ياسايدىغان تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى قۇرۇشقا تەڭ كۈچەۋاتىمىز» دېيىش ئارقىلىق، پاكىستاننى ياردەم بەرگۈچى تەرەپتەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي بۇ ئارقىلىق پاكىستاننى ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭ باغلاپ، ئۆزىنىڭ رايوندىكى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆرلۈك غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلىگەن.

## خىتاي ساقچىلىرىنىڭ داۋرىڭى يەنە بىر قېتىم خىتاينىڭ DNA ساندانى توغرىسىدىكى تەشۋىشلەرگە سەۋەب بولدى

«theepochtimes» تورىنىڭ 26 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ فۇجوۋ شەھىرىدىكى ساقچىلار يېقىندا ئوغرىنى چېقىۋالغان پاشىدىن چىققان قاننىڭ DNA سىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆيگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالغان. ھالبۇكى، دۇنيا مىقياسىدا بەس ـ بەستە خەۋەر قىلىنغان بۇ ۋەقە DNA ساندانلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تەھدىتلەرنى يەنە بىر قېتىم گەۋدىلەندۈرگەن.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ جىنايى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە جەمئىيەتنى تىزگىنلەش ئۈچۈن خىتاي ئىچى ـ سىرتىدا گېن سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاشقا كۈچەۋاتقانلىقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەنىدى.

خىتاي ھەتتا ئامېرىكادىمۇ DNA ئەۋرىشكىسى توپلاشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، «ئامېرىكا دۆلەتلىك جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك مەركىزى» بۇ ھەقتە: «خىتاي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ھالدا، قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ساقلىقنى ساقلاش ۋە DNA سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىۋاتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ يېقىندا بىلدۈرۈشىچە، بۇ خىل سەزگۈر سانلىق مەلۇماتلار ئامېرىكانىڭ (خىتاي قاتارلىق) دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، نىشانلىق بىيولوگىيەلىك قوراللارنى ياساشقا ئىشلىتىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

## كانادا پارلامېنتى هۆكۈمەتتىن ئون مىڭ ئۇيغۇرغا پاناھلىق بېرىشكە ئۈندىدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 27 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ يىل ئالتىنچى ئايدا كانادا پارلامېنت ئەزاسى سامىر زۇبەرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئون مىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرغا پاناھلىق بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان تەكلىپ لايىھەسى 24 ـ ئۆكتەبىر كانادا پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلغان ۋە كانادا پارلامېنتىدا ھەر قايسى پارتىيەلەردىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تولۇق قوللىشى بىلەن، يەنى نۆلگە قارشى 258 ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتكەن.

مەزكۇر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان پارلامېنت ئەزالىرى كانادانىڭ «داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان» ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا پاناھلىق بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا تەكىتلىگەن. مۇنازىرە جەريانىدا سامىر زۇبەرى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان بىخەتەر يېرى يوقلۇقىنى، بۇ كىشىلەرنى بىخەتەر ماكانغا ئورۇنلاشتۇرۇش كانادا نۆۋەتتە قىلالايدىغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي ئىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

سامىر زۇبەرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ دوكلاتتىكى تەۋسىيەلەردىن بىرى شۇكى، <كانادا كۆچمەنلىك، مۇساپىرلىق ۋە پۇقرالىق مىنىستىرلىقى> (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كاناداغا كىرىشىنى تېزلىتىدۇ. ئەگەر مېنىڭ بۇ تەكلىپىم ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانسا، مەزكۇر تەكلىپ رەسمىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.»

## خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى ئەلچىخانىسى مانچېستېردىكى خىتاي كونسۇلخانىسىدىكى ۋەقە توغرىسىدا ئەنگلىيەگە تەھدىت سالدى

«theepochtimes» تورىنىڭ 28 ـ ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، مانچېستېر شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى خوڭكوڭ نامايىشچىلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيەدىن قوغلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ لوندوندىكى باش ئەلچىخانىسى 27 ـ ئۆكتەبىر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سالغان.

خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋەكىلى ياڭ شياۋگۇەن «مانچېستېردىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسىدىكى زوراۋان پاراكەندىچىلىك توغرىسىدىكى تور ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» دەپ ئىسىم قويۇلغان يۇۋتيۇب ۋىدېيوسىدا «خوڭكوڭ مۇستەقىلچى ئۇنسۇرلىرىغا چاپان يېپىش ئەنگلىيەگە پەقەت ئاپەتلا ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن.

ئۇ يەنە ئەنگلىيە بىلەن خىتاينىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى شىپىي كەلتۈرگەندىن كېيىن، «بىر ئوچۇم كىشىلەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ خەتەرلىك ۋە ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسىزدۇر» دېگەن.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئەنگلىيەنىڭ بىر نەپەر مىنىستىرى ساقچىلار مانچېستېردىكى خىتاي كونسۇلخانىسىدىكى خىتاي دىپلوماتلارنىڭ خوڭكوڭلۇق دېموكرات نامايىشچى بوب چەننى ئۇرغان ۋاقىتتا جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى بايقىغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ سوتلىنىدىغانلىقىنى ياكى «دىپلوماتىك ئاقۋەت»كە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

## خىتاي سودىگەر تايلاندتىكى خىتاينى تەنقىدلەش بىلەن تونۇلغان نەشرىياتنى پۇل ئارقىلىق تاقاشقا ئۇرۇندى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 28-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينى تەنقىدلەيدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن تونۇلغان، باڭكوكتىكى «سام يان» نەشرىياتىنىڭ مەسئۇلىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەلۇم بىر خىتاي سودىگەرنىڭ ۋەكىلى ئۇلار بىلەن ئىككى قېتىم ئالاقىلاشقان ۋە تىجارىتىنى توختىتىش بەدىلىگە ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنى خۇسۇسىي تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى دەپ تونۇشتۇرغان بۇ دەللاللار مەزكۇر نەشرىياتقا ئۇلارنى ياللىغان خىتاي سودىگەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئىش قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئەمما خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشنى تەمە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىگىلىنىشىچە، «سام يان» نەشرىياتى 2017-يىلى باڭكوكتىكى چۇلالاڭكورن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پائالىيەتچى ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە بەش كىشى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان مۇستەقىل نەشرىيات بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلەر قاتارلىق مەسىلىلەردە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىزىق ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيەنى ئاساس قىلغان كىتاب ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغانىكەن.

تايلاندلىق پائالىيەتچى ۋە سام يان ئاخباراتىنىڭ قۇرغۇچىسى نېتىۋىت كوتىفاتفايسالنىڭ (Netiwit Chotiphatphaisal) «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىغا بىلدۈرۈشىچە، بەشىنچى ئايدا ئۇلار ئۆزلىرىنى خىتاي سودىگەر بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى بولغان باڭكوكلۇق دەللالنىڭ ئېلخېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. لېكىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇنى قويىمچىلىق بولسا كېرەك دەپ قاراپ پەرۋا قىلمىغان.

ئاندىن 7-ئايدا، مەزكۇر دەللاللار ئېلخەت ئارقىلىق باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھېلىقى خىتاي سودىگىرىنىڭ «سام يان نەشرىياتى»نى تاقاش بەدىلىگە، ئۇلارغا تۆت مىليون بات (105 مىڭ 540 دوللار) بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بۇ دەللاللارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر خىتاي سودىگەرنىڭ مەقسىتى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ تايلاندتا نوپۇزى بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىكەن.

لېكىن، مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار باشتىن-ئاخىر بۇ سودىگەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## تۇرسۇن ئىسلام

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئازادلىقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان ئىنقىلاپچى ئۇستاز،
ھۆرمەتلىك تۇرسۇن ئىسلام ئەپەندى (1936- 2022)



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

دۇنيا تارىخىدا ئىنسانىنىڭ باياشاتلىقى، ھۇزۇرى ۋە بەخت سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت
ھاكىمىيتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرت سورىغانلار ئۇيغۇرلاردۇر. - ئوكتاي سىنائئوغلۇ